# قەشقەر ئاۋازى

قۇربان شەمس



قۇربان ئىمىن

# قەشقەر ئاۋازى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى

مىللەتلەر نەشرىياتى

قۇربان ئىمن

قەشقەر ئاۋازى

مەسئۇل مۇھەررر: ياسن هاۋازى

مەسئۇل كوررېكتور: رشت ۋاهدى

مللەتـلەر نەشرياتى تەرپىدن نەشر قلندى

شنخۇا كتاپخانسى تەرپىدن تارقتلدۇ

مللەتلەر باسما زاۋۇددا بېسلدى

1981 - يل ٥ - ئايدا 1 - قېتم نەشر قلندى

1981 - يل ٩ - ئايدا بېيجڭدا 1 - قېتم بېسلدى

باهاسى: 0.58 يۈەن

## مۇندەرىجە

كېلىك ياشلار (ئەدىبىيات) . . . . . . . . . . . 1
قانداق دەۋر بۇ؟ . . . . . . . . . . . . . . . . 3
ئالغا باس، ياشلار! . . . . . . . . . . . . . . . 4
كۈرەش، يېڭىشىمىز — چىرايلىغىمىز . . . . . . . . 6
ۋاقىت — ئالتۇن . . . . . . . . . . . . . . . . 8
كوكلە شائىر! . . . . . . . . . . . . . . . . . 10
ئىتتىپاق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 12
غۇنچەمگە خەت (كىچىك داستان) . . . . . . . . . 13
ئىچىلار گۈلۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . 20
ۋەتەنگە قەسەم . . . . . . . . . . . . . . . . . 21
ئاخىرقى مەكتۇپ . . . . . . . . . . . . . . . . 24
ئۇگەن ئۇماغىم! . . . . . . . . . . . . . . . . 27
قىرىلىش ۋە تىرىلىش (داستان) . . . . . . . . . . 30
1. مەسنەۋى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 30
2. غەزەل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 31
3. نەزمە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 33

4. مۇرەببە ........................ 35
5. مۇخەممەس ........................ 38
6. مۇسەددەس ........................ 39
بولماس ........................ 41
ئازاتلىق باھارى (مۇستەھزات مۇرەببە) ........................ 43
يۈرەكتىن ئاۋاز ........................ 45
تىلىم ........................ 51
غەزەل ........................ 52
چىرايلىق (مۇسەببە) ........................ 53
ناز گۈلگە ........................ 56
بالىلار تىلى ........................ 57
مۇھتەمىلات ........................ 60
بۈگۈن بولەكچىغۇ؟ (مۇسەللەس) ........................ 60
كوردۇم ........................ 64
زادى ئالدانما! ........................ 66
دىلدار جانانغا ........................ 68
ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................ 72
سەتەڭ (ساتىرا) ........................ 73
قىتئە ........................ 74
مېنىڭ ئامرىغىم ........................ 75
تار كوزگە دۇمبا ........................ 77
يارغا ئىلتىجا ........................ 79

مۇھەتەمىلات . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 81
كەچكى خىيال . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 82
پەن — روھىي قەن . . . . . . . . . . . . . . . . . 84
لەھەڭ بىلەن بېلىق (مەسەل) . . . . . . . . . . . . . . 86
ياشلىقىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 89
غەزەل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 92
ئەركىنلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 93
سەن ئۈچۈن (مۇخەممەس) . . . . . . . . . . . . . . 95
شۇنىڭغا ئوخشايدۇ . . . . . . . . . . . . . . . . 96
گۈل ئۈزارىمغا! . . . . . . . . . . . . . . . . . . 98
يارىنىڭ مەيلىمۇ؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . 99
ھېيتكادا ئۈچ قىز . . . . . . . . . . . . . . . . 101
ئاچچىق كۈنلەر . . . . . . . . . . . . . . . . . 107
كېلىنىڭ دىلبەر . . . . . . . . . . . . . . . . . 109
باخ-باخ...! . . . . . . . . . . . . . . . . . . 111
بەڭگى (ساتىرا) . . . . . . . . . . . . . . . . . 112
دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 114
ئۈمىتسىزگە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 116
پارچە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 118
چىمەنگە خىتاپ . . . . . . . . . . . . . . . . . 118
پەرۋانە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 124
يۈرەك داغلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . 132

تىرىلگەن مۇردا (بىر ئۆلۈكنىڭ توۋسى) . . . . . . . . . 137
تاڭ شەرىپىگە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 140
كىردۇق يېڭى دەۋرگە . . . . . . . . . . . . . . . 141
شات بوۋاي . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 143
خۇاڭخېغا قاراپ ناخشا ئېيتىمەن . . . . . . . . . . 149
كۆرەشچان قىز . . . . . . . . . . . . . . . . . 151
خىياللار ھەقىقەتكە ئايلاندى! . . . . . . . . . . . 152
قىزىمغا خەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . 154
شانلىق ئارمىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . 156
مارت كەلدى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 157
بىرىنچى ماي . . . . . . . . . . . . . . . . . . 158
كاززاپ (ساتىرا) . . . . . . . . . . . . . . . . 161
خوشاللىق كۈنى (ناخشا تېكستى) . . . . . . . . . . . 162
يېڭى جۇڭگو قىزلىرى . . . . . . . . . . . . . . . 164
نىشانىغا! . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 165
گۈل ئارا (ناخشا تېكستى) . . . . . . . . . . . . . 166
تىراكتورچى قىز ناخشىسى (ناخشا تېكستى) . . . . . . . 167
قىزىم، ساڭا بارىكاللا! (ئېيتىشىش) . . . . . . . . . 169
باھار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 176
كوپىراتىپ قۇردۇق بىز (قوشاق) . . . . . . . . . . . 177
مايدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 179
غوزىلار ئېچىلغاندا (ناخشا تېكستى) . . . . . . . . . 180

جىرىمغا ئۇۋال (ساتىرا) ............ 182
باراڭدا ............ 185
بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى ............ 197
ياخشى يوللار ياسايمىز ............ 199
غەلىبە ناغرىسى ............ 200
بېبىجىك خاتىرىلىرى (سېكىل) ............ 201
بېبىجىڭغا سالام ............ 201
ئۇچراشقاندا ............ 203
خوش بېبىجىڭ ............ 204
بۇگۈن بايرام (مۇسەللەس) ............ 205
زۇكام ............ 206
زەرەپشان بويىدا شەرەپ ـ شان ............ 207
ئىككى ناخشا ............ 209
توي ناخشىسى ............ 209
بوز تورغاي ............ 210
خوشلاشقاندا ............ 211
يېڭى باغدا (سېكىل) ............ 213
شاپتۇل شېخىدا ............ 213
ئەنجۈر ............ 214
قوغۇن ............ 215
بۇلبۇلۇم ............ 216
تۇتاي ساڭا گۈل دەستە (ناخشا تېكستى) ............ 217

سارىخان ........................ 218
تولۇن ئاي ........................ 220
گۇزەل ۋەتىنىم (ناخشا تېكستى) ........................ 222
پارتىيە ........................ 223
تىيانشان ناخشىلىرى ........................ 224
بۇلبۇل (باللادا) ........................ 229
تومۇر قەپـەزدە ........................ 229
كۆز ئاخشىمى ........................ 231
تاڭ ........................ 232
سەھندە ........................ 233
تەسرات ........................ 234
خەلقنىڭ باھاسى ........................ 238
تەشەككۈر ........................ 238
ئارزۇيۇم (ناخشا تېكستى) ........................ 239
سەن ئۆلمىدىڭ ........................ 240
جانان چىـنـدە بېيجىڭ چىپىـى (ئۇسۇللۇق ناخشا تېكستى) ........................ 242
سالام ئۈرۈمچى! ........................ 243
ئايلىخان (راۋاپ بىلەن ئېيتىلىدىغان قوشاق) ........................ 246
بېيجىڭ قىزىغا ........................ 248
كۆئېنلۇن ناخشىلىرى ........................ 249
1. خوتەن تەسراتى ........................ 249

2. ئەسلەش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 251

ئەللەي . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 252

بوشۇك ناخشسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 253

دوستلۇق ناخشسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 255

يېزا كۈيلرى (سېكل) . . . . . . . . . . . . . . . . . . 256

هارۋىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 256

جەننەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 257

ئوبدان شۈجى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 259

قاپاق تېرەك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 261

بورانلق كېچە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 262

كېلنچەك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 264

ئانا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 265

خاتمە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 266

ئاتۇش هەققدە ناخشا . . . . . . . . . . . . . . . . . 267

پويىز هەققدە ناخشا (ناخشا تېكستى) . . . . . . . . . 268

گۈيخۇادۇي ناخشلرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 269

1 ـ ناخشا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 269

2 ـ ناخشا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 270

3 ـ ناخشا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 271

ئۈزۈلمەس رشتە (داستان) . . . . . . . . . . . . . . . 272

مۇقەددمە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 272

برنچى باپ ئتتپاقلق ناخشسى . . . . . . . . . . . . . 273

ئىككىنچى باپ لى لى............ 274
ئۈچىنچى باپ غەمخورلۇق.......... 279
تۆتىنچى باپ غەمدىن خالاس.......... 281
بەشىنچى باپ ئىنسانپەرۋەرلىك.......... 285
ئالتىنچى باپ ئۈزۈلمەس رىشتە.......... 291
يەتتىنچى باپ تەشەككۇر.......... 293
سەككىزىنچى باپ ئۈلگە.......... 295
خاتىمە.......... 296
قەشقەر قىزى (داستان).......... 296
مۇقەددىمە.......... 296
بىرىنچى باپ.......... 299
ئىككىنچى باپ.......... 300
ئۈچىنچى باپ.......... 306
تۆتىنچى باپ.......... 308
بەشىنچى باپ.......... 310
ئالتىنچى باپ.......... 313
خاتىمە.......... 315
قىزىل دەريا كوۋرۈكىگە مەدھىيە.......... 316
جايتېرەككە مەدھىيە.......... 317
ۋەتەن ھەققىدە ناخشا.......... 319
ئاساسىي قانۇن — بەختنامىمىز.......... 320
پارچە.......... 321

قەشقەردە باھار........................322
قەد كوتەردى بۇ قوشۇن....................323
مەكتتكە زىيارەت (سېكىل)..................323
يولدا...................................323
گۈزەل مەكتت.............................325
غازكولدە نۇر.............................326
زور ئۇزگىرىش............................328
ياشا مەڭگۈ ئۇلۇغ جۇڭگو..................330
بەتقىلىق بولماڭ بالام.....................331
ۋەتەن ئىشقى (ناخشا تېكستى)...............332
قەسەمنامە (مۇسەممەن)....................333
ئىككى قوللاپ گۈل تۇتاي (مۇسەددەس)........336
بۇ كىچە.................................337
ئىلى دەرياسى............................340
ئانا مەكتۇۋىم............................342
بايرام مۇبارەك...........................345
يۇرت قوشىغى............................349
مېنىڭ ناخشام.............................350
شانلىق ۋەتىنىم...........................351
تەتىل كۈنلىرى............................353
ئانامغا..................................356
تىيانشان خىتاۋى..........................361
قىتئەلەر.................................362

روۋائىلار ........................ 364
تەسىرات ئۈنچىلىرى (سىكىل) ........................ 374
ئىنتىزار كوزلەر ........................ 374
خەلق سارىيىدا ........................ 376
سالام، مويىسىپىتلەرگە ........................ 377
جاراڭلايدۇ ئوتلۇق شېئىرلار ........................ 379
هاجاخۇن (كىچىك داستان) ........................ 380
باشلىنىش ........................ 380
ئۇ كىم؟ ........................ 380
چۈش ........................ 383
يولدا ........................ 385
ئاتا ـ ئانىلار مەجلىسىدە ........................ 386
ياردەم ........................ 389
ئۆيدە ........................ 393
ئۈمىت زور ........................ 396
تۇگەنچە ........................ 397
گېزىت ــ مېنىڭ ئۇستازىم ........................ 398
باھار كۈيلىرى ........................ 400
ياخشى ........................ 401
قىل ........................ 402
ھەرگىز ........................ 404
قەشقەر بازىرى ........................ 405

# كىلىك ياشلار

(ئەدىبىيات)

كىلىك ياشلار، كېلىڭلار،
دەپتەر ـ قەلەم ئېلىڭلار.
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
مەكتەپكە تېز مېڭىڭلار.

ۋەتەنگە نۇر چېچىلدى،
ئىرپان① يولى ئېچىلدى،
تۇن پەردىسى يىرتىلدى،
غەپلەت ئىشىگى يېپىلدى.

بىزلەر ئەمدى بوش ياتماي،
ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

---

① ئىرپان ــ بىلىم ـ مەرىپەت.

# قانداق دەۋر بۇ؟

شىنجاڭ ياشلىرى، قايسى دەۋر بۇ؟
غەپلەت يوقالغان، ئويغۇش دەۋرى بۇ.

ھەممە مىللەتنىڭ مەدىنىيەتكە
چوڭ-چوڭ قەدەملەر قويۇش دەۋرى بۇ.

مائارىپ پارلاق نۇرىنى چېچىپ،
پۈتۈن خەلق كوزىنى ئاچقان دەۋر بۇ.

زۇلمەتكە قارشى ۋەتەن باللىرى
مەھكەم ئويۇشقان بىرلىك دەۋرى بۇ.

ئادالەت ئەمدى تەختىنى قۇرار،
بارلىق مىللەتنىڭ نۇرلۇق دەۋرى بۇ.

ئالى مەقسەتنى ئىجرا قىلىشقا—
ئازاتلىق ئۈچۈن چامداش دەۋرى بۇ.

مەدەنىيەت سۈيىنى
ئۇلكىمىزگە باشلايمىز.

نادانلىقنى كەسپ ئەتمە،
ئەزىز ئۆمرۈڭ سەرپ ئەتمە!
جاھىل يولى زەبۇندۇر①،
ئىلىم يولىدىن قايتمە!

قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇپ،
گۈللەتەيلى ۋەتەننى،
ئىلىم-پەننى دوست تۇتۇپ.

نۇرلۇق ۋەتەن ياشىسۇن،
جاھانگىرلار يوقالسۇن!
جاھالەتلەر تېز بىتسۇن،
بارلىق مىللەت ياشنىسۇن!

1937-يىل دېكابىر، قەشقەر.

① زەبۇن — خارلىق.

فەندىخۇي① سىزغان شۇ ئۇلۇغ يولدا،
سۇپۇرۇلدى ئەخلەت تۇمانلار...
يېڭىش تىلىگى ئالدىمىزدا!...
ئاخىرغىچە ئالغا باس، ياشلار!

بىزدىمۇ ئەمدى كاتتا ئالىملار،
يېتىلىپ چىقسۇن ئالى دوختۇرلار،
ئېنژېنېر، شائىر ھەممە رەسساملار...
ئۆگەنگىن يەنە، ئالغا باس، ياشلار!

يېتىشسۇن شۇنداق باتۇر ئۇچقۇچىلار،
جەڭگىۋار كۈچلۈك توپچى، تانكىچىلار،
ھەربى، سىياسى كوپ خىزمەتچىلەر —
تەييارلاشقا، ئالغا باس، ياشلار!

ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىمىزنى،
دۇنياۋى قاراش غايىمىزنى،

① فەندىخۇي — يولداش چېن تيەنچيۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ئىنقىلاۋىي تەشكىلات — جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما. — ئاپتوردىن.

ئەي ئوغۇل ـ قىزلار ئوقۇيلى هارماي،
ۋەدىلەر بەرگەن ئەركىن دەۋر بۇ.

1938 ـ يىل، قەشقەر.

## ئالغا باس، ياشلار!

يېڭى دەۋر — بۈيۈك قۇرۇلۇش،
ئىلگىرى باسقان يېڭى تۇرمۇش،
ئازاتلىق ئۇرۇش، دولەت قۇرۇش
مەزگىلى بۇ، ئالغا باس، ياشلار!

ئارقا سەپنى گائىدەك مەهكەملەپ،
سىياسى ئاڭنى مۇكەممەللەپ،
كۈرەش يولىنى نىجات بەلگىلەپ،
ئالغا چامدا، ئالغا باس، ياشلار!

ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرىگە —
نەس فاشىزىم جاللاتلىرىگە،
نەيرائۋاز بۇزۇق ئۇنسۇرلەرگە
بېرىپ پەشۋا، ئالغا باس، ياشلار!

ئەڭ سۆيۈملۈك كەلگۈمىز ــ باھارىمىز،
قوينىدا باردۇر نازۇ- نېمەتلىرىمىز،
ئۆزىنى كورسەتەر جۇرئەتلىرىمىز،
گۈزەل ئىقبالىمىز ــ چىرايلىغىمىز.

خۇش پۇراقلىق ساپ ھاۋالىرىمىز،
مۇڭلۇق سايرايدۇ بۇلبۇل قۇشلىرىمىز،
دەريادا ئۈزەر ئەركىن بېلىقلىرىمىز،
گۈزەل ھاياتىمىز ــ چىرايلىغىمىز.

مەرت - ئەزىمەت قەھرىمان خەلقلىرىمىز،
غالىپ، قورالىق ئارسلانلىرىمىز،
چىڭىپ ئۈيۈغان ئىتتىپاقلىرىمىز،
ئالغا مېڭىشىمىز ــ چىرايلىغىمىز.

چىرايلىغىمىزنى مەڭگۈ ساقلايمىز!
نومۇسىمىزنى تېزدىن ئاقلايمىز!
چۈنكى بىز دائىم تېچلىق ياقلايمىز!
كۈرەش، يېڭىشىمىز ــ چىرايلىغىمىز.

1942 - يىل 31 - ئۆكتەبىر.

كۇرەشچان پەننى نەزىرىمىزنى
ئالغا سۈرۈپ، ئالغا باس، ياشلار!

شۇنىڭ بىلەن بۇ ھايات گۈللەنسۇن،
قانخور فاشىزىم تېز كۆمۈلسۇن!
ئېزىلگەن ئەللەر كۈلسۇن-شاتلانسۇن!
ھېچ ھارماي ئۇچۇپ، ئالغا باس، ياشلار!

1942-يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

# كۈرەش، يېڭىشىمىز — چىرايلىقىمىز

گوھەر تۇپراق پاك زېمىنلىرىمىز،
ئالماس مەيدىلىك ئېگىز تاغلىرىمىز،
گۈلزار، چىمەنزار، مېۋىزار باغلىرىمىز،
ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — چىرايلىقىمىز.

شاقىراپ ئاققان ئاق كۆمۈشلىرىمىز،
ئالتۇن باھالىق دەل-دەرەخلىرىمىز،
جاڭگال-تاغدىكى چارۋا ماللىرىمىز،
تۈمەن بايلىقىمىز — چىرايلىقىمىز.

ئېتىزلىرىڭ سۈنى قانغىچە شوراپ،
كۆلۈشكە ئاز قالدى، ئىشقا چىق پاتراق!

ۋاقىت قەدرىنى بىل، ئىشلە چىشلە!
ھورۇنلۇقنى ھەممەت بىلەن كەسلە!
ھورۇنلۇق نەتىجىسى قانداق؟ سەن ئەسلە!
شۇڭلاشقا ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتراق.

ئېتىز-قىرلىرىڭ ئۈنۈمگە تولسۇن،
بوز يەرلىرىڭمۇ گۈلگە ئورالسۇن،
يېزىلار خوشاللىق مۇڭغا تولسۇن،
ئىشلە ئاكا، ئىشلە يەنە قاتتىقراق!

ئارتۇق ھوسۇل ئۈچۈن ماشىنىلار ئال①،
پاتمانلاپ ئۈنۈمنى تاغارلارغا سال،
ئاندىن خوشاللىق سازلىرىڭنى چال،
تۇر دىخان ئورنۇڭدىن، ئىشلە چاپسانراق!

1943-يىل 25-مارت، قەشقەر.

① ئال — ئىشلەت مەنىسىدە.

# ۋاقت ـــ ئالتۇن

مانا باھار كەلدى، تۇر دىخان ئاكا،
ئالقىنىڭدەك يەر قالمىسۇن باكا.
ئېتىزلار ساڭا قىلماقتا جاكا،
باھار كەلدى تۇر، ئىشلە ئىلدامراق!

يەرگە ئاۋايلاپ ئۇرۇقلارنى چاچ،
ئايدىڭ كېچىلەردە ئېتىزغا سۇ ئاچ،
هورۇنلۇقتا يېقىنلاشما ـــ ئۇندىن قاچ،
بىل، ۋاقت ـــ ئالتۇن، بەلكى قىممەتراق.

يوغان كەتمەننى قولۇڭغا ئېلىپ،
يەرنىڭ كوكسىنى بەك چوڭقۇر تىلىپ،
پۇتۇن كۇچۇڭنى سەپەرۋەر قىلىپ،
ئىشلە ئېتىزغا يەنە قاتتىقراق!

قۇلىغىڭنى تۇتۇپ ناخشىلار توۋلاپ،
بىكار ئاققان سۇلارنى توراپ،

ئىجادىڭ چىچەكلەيدۇ باھار كەلگەندە،
ناخشاڭدا ئۇرغۇيدۇ پىغان ۋە نالەش.

شۇڭا ئەي... بىخ ئۈرۈپ چىققان ياش شائىر!
باھار دەۋرانىغا ئىز سىلىپ كوكلە!
جەۋھەر چەشمەڭنى كومىكىڭگە توكمە،
بەلكى توك ئەل ئىتىڭگە، بول ماھىر!

نۇر چەشمەڭ بىردىن ئون، يۈزگە يىيىلسۇن...،
ھورلۇك باھارى قەدىمى ئاستىدا.
ئولسەڭمۇ باش ئەگمە دۇشمەن ئالدىدا،
مول توھپەڭ تارىخقا ئوچمەس يىزىلسۇن!

كەلگۇسى ئەۋلاتلار ئوقۇشۇپ رەھمەت،
ئەسەرلىرىڭدىن چىچەك ئۈندۈرەر.
كەلگۇسى ئىقبالنى ھەمدە كۇلدۈرەر،
ۋەتەن دۇشمەنلىرىگە ئوقۇشۇپ لەنەت!

شۇڭلاشقا ئەي شائىر مىنۇتلاپ كوكلە،
ئۈستىمىزدە پارلاۋاتقان قۇياشىمىز بار.
شوخ-ئەركىن ھەم ھەمرا بولۇشقا تەييار!
باھاردا مەن كوكلەي، سەنمۇ ھەم كوكلە!

1944-يىل 25-فىۋرال، قەشقەر.

# كوكلە شائىر!

ئەركىلىتىپ سېنى ئوستۇردى ۋەتەن،
بۇلبۇللار سايرىغان بۇ گۇلزار باغدا؛
كىيىكلەر يايرىغان لالىزار تاغدا،
قەلبىڭگە نۇر سەپتى ئاپتاپ روشەن.

بۇ جەننەت قويندا جەڭگە تۇغۇلدۇڭ،
بەخت چەشمىسىگە ئەبەدى بوپ ئۇلپەت.
ئاختۇرسام، دىلىڭدا بىرتالاي كۇلپەت،
ئەمدى سەن خەلققە كويەر تونۇلدۇڭ.

خالىساڭ ئۇچسەن شامالدەك قورقماي،
قارا بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى يىرىپ...
پەرۋاز قىپ ئاسماندا قالماسسەن ھىرىپ...
شۇڭا ئالقىشلار سېنى قىز جامال ئاي.

چۇنكى يۇرىگىڭدە قاينايدۇ ئاتەش،
دولقۇنلايدۇ ۋىجدان سەندە ھەم مەندە..

كوزلىگەن ھورلۇك زامانغا يەتكۈزەر،
زور سائادەت كوۋرۈگىدۇر ئىتتىپاق.

باسمىسۇن دىلنى نىپاقنىڭ زەڭلرى،
باشلا، كوپنىڭ تىلىگىدۇر ئىتتىپاق.

ئوبدان بىلگىن، "ئايرىلغاننى بورە يەر"،
مىسالى كوپ بەلگىلىكتۇر ئىتتىپاق.

ئىتتىپاق بولغاندا، دۈشمەن خەم① بولۇر،
ۋەتەن، خەلقنىڭ شوھرىتىدۇر ئىتتىپاق.

دەركى: شوخ-ئەركىن ھەمىشە ئويلىنىپ،
بارچە خۇلقنىڭ ئەۋزىلىدۇر ئىتتىپاق.

1944-يىل مارت.

---

① خەم — پۈكۈلۈش، ئېگىلىش.

# ئىتتىپاق

ھەممە خەلقنىڭ بىرلىگىدۇر ئىتتىپاق،
بار ھاياتقا سۈيۈملۈكتۇر ئىتتىپاق.

ھەم شۇنىڭ بىرلە جاھان بوستان بولۇر،
ئىنسانىيەت ھور گۈلىدۇر ئىتتىپاق.

تاغنى تالقان ئەيلىمەككە شول كىرەك،
ھەم تەرەققىنىڭ كۈچىدۇر ئىتتىپاق.

ئىتتىپاقنى بارچىلار تۈزمەكتىدۇر،
شات ياشاشنىڭ ئۈلپىتىدۇر ئىتتىپاق.

تەڭ كېلەلمەس ھېچقاچاندا دۈشمەنىڭ،
سەندە بولسا مەڭگۈلۈكتۇر ئىتتىپاق.

مەقسەدىڭ ھەل بولمىغى مۈشكۈل ئەمەس،
ئەلگە راھەت بەرگۈچىدۇر ئىتتىپاق.

چورەڭنى ئورىغان
ئازاپ ـ ستەم،
تەقدىرىڭنى تورىغان
قايغۇ ـ ئەلەم،
نالە ۋە غەم،
خارۇ ـ زارلىق...
باغرىڭنى قىلدى يارا،
ھەقسىزلىق...
بەختىڭنى ئەتتى قارا.
ئانار دەك مەڭزىڭ
تاياق،
قاماق —
زۇلۇم ئاستىدا،
بولدى سېرىق زەپىرەڭ.
توزىدى شۇنداق
سانسىز گۈل ـ ھەپىرەڭ.
زومىگەرلەر چىچىپ زەھىرىنى،
قۇمۇرسقىلەر ئېتىپ قەھرىنى،
ھايات ئالدىدا،
جاھان بېغىدا،
كورۇپ سەن ـ بىزنى پەست،
يالىماۋۇزدەك يۇتۇشقا قىلدى قەست.

# غۇنچەمگە خەت

(كىچىك داستان)

— "8 ـ مارت" ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن.

ئەي، نازاكەت بوستانىنىڭ گۈلى —
باھار ھوسنى غۇنچە!
شەنىڭگە بىر خەت
يازدىم يۈرەكتىن،
باغلاپ مۇھەببەت؛
ئىلھام شامىلى —
گۈكىرەپ شۇنچە...
سالام دەر ئەنە.

1

ئاڭلا، ئۇتمۇشنى...
شۇ قىش پەسلىنى؛
بىمەزگىل توزۇغان گۈلدەك
خازان ئەتكەن سىنى...
كۈلۈپ ئېچىلغۇنچە.

باشلانغان بىزدە
ئازاتلىق جېڭى.
بۇ جەڭدە سىنىك...
بىر تۇققانلىرىڭ
ئۇشىنىسكە مىلتىق،
قولىغا نەيزە...
ئېلىپ،
ياۋغا ئوق ئېتىپ،
بەردى،
بەرمەكتە
دۈشمەنگە زەربە.
سەن-بىزنى ۋەتەن،
كۆرەش قوينىغا تۇققان.
چېلىشىمىزنى
زەپەر قۇتلاپ تۇرغان.
دىمەك بىز،
كىچىك چېغىمىزدىنلا
كۆرەش نۇرىنى ئەمگەن،
كۆرەش بىلەن چوڭ بولغان.
شۇڭلاشقا
جەڭ مەيدانىدا
كوپلەرنى يەڭگەن،

## 2

بىراق،
بۇگۈنكى كۈندە —
دۇنيانىڭ شەرقىدە،
يېڭى تۇرمۇشنىڭ
چىرايلىق، لەتىپ - گۈزەل
ئاي مەنزىرىسى كۆرۈنمەكتە،
ھەقسىزلىق گۇمۇرۇلمەكتە.
دۇنيا مەزلۇم ئەللىرى
نىجاتلىق —
ئەركىنلىك،
ھور - ئازاتلىق،
مۇستەقىللىق.
ئادالەتلىك —
بەخت - سائادەتلىك
يېڭى ھايات ئۇچۇن كۈرەشمەكتە.

## 3

قەلبىمىز جۇشقۇن،
دەۋرىمىز يېڭى،

مەرىپەت ئۆگەن!
ئەمگەكچانلىق ئاساسىدا
ئىشلەپ چىشلە!
بىل شۇنى:
"چېچى ئۇزۇنىنىڭ ئەقلى كەم" ئەمەس،
شۇ بۈيۈك ئائىلىنىڭ —
قەدىردان،
كۈرەشچان،
مېھرىۋان،
ۋاپادار،
ئىجاتكار،
خۇلقۋار،
ئالماس كوكرەك،
قورقماس يۈرەك...
غەييۇر قىزى بول!
كۈرەش يالقۇنىدىن
غەلبە چېچىكىنى ئاتقۇز!
دۇنيانى ھورلۇككە —
تاڭ نۇرىغا يەتكۈز!

1944 - يىل مارت، قەشقەر.

ھەم يېڭىۋاتىمىز.
ئۇتتۇق مەنزىلىدە
ئالغا مېڭىۋاتىمىز.

4

ئەمدى،
ئەي غۇنچەم!
سەن ھەم...
ھارماي ـ تالماي،
دۇشمەندىن قورقماي،
بۇگۈنكى كۈرەشتە،
قەھرىمانانە،
غالىبانە،
پىداكارانە ئالغا چامدا!!
تۇرمۇشۇڭنى
كۈرەش مۇھەببىتى بىلەن قامدا!
يېڭى جۇڭگو،
يېڭى دۇنيا،
ئىستىقبالى ئۈچۈن
كېچە ـ كۈندۈز تىرىش!
زور ئەقىدە بىلەن

ئولۇم ئوقىنى بىز ئاتىمىز دۈشمەنگە؛
زاغلار ھازىر ساقىيالماس قاتتىق بىتاپ.

دوستۇم، مېنىڭ نازگۈلۈم قولۇمدىن چۈشمەس،
بەلكى گۈلۈمدىن چىققان پۇراق ھېچ ۋاقىت ئۆچمەس...
ياندىشار ماڭا يەنە كەسكىن بىر قىلىچ.
رەقىپلەر ئاتسا يۈرىگىمگە ئوق ئۆتمەس...

ئوق تەگسە ماڭا...قالمىسا دەرمان،
ۋەتىنىم، خەلقىم بېرىدۇ مەدەت.
كۈرەشتە ئۆلسەم يۈرەكتە قالماس ئارمان،
شوخ-ئەركىن نامىم قالار تارىختا ئەبەت.

1944 - يىل ئىيۇل.

## ۋەتەنگە قەسەم

تەسەددۇق جانانىڭغا قەدىردانىم ۋەتەن،
شەنىڭگە كۈيلەر پەرزەنتىڭ دەرتلىك شوخ-ئەركىن.
بېغىشلاپ زەپەر سۇبھىسىدا تىزارمەن چىمەن،
شەرەپ تىلەيمەن ساڭا، رەھمەت ياغار مىڭ تۈمەن.

# ئېچىلار گۈلۈم

ياشلىقىم چېچەك ئاتار باھار قوينىدا،
ئەلنىڭ كۆڭلى شات بولۇر بۇ گۈلىستاندا.
گۈلىستان ئەللىرى كۈرەشكە ئاتلاندى،
كورەر دۇنيا دۈشمەننى ئەتە گورىستاندا.

ھەر مىللەت بالىلىرى ۋەتەنگە پەرۋانە،
ھەقىقەت نۇرىنى چاچار ھەر يانە.
ۋىجدان پاك، كۆڭۈل ئاق، تىلەك قايناق بىزدە،
ۋەتەنگە پىدادۇر جان ھەم خانىمانە.

شۇڭا مېنىڭ مىلىتىم — ئېچىلار گۈلۈم،
شاتلىق تىلەپ سايرايدۇ مېنىڭ بۇلبۇلۇم.
ئالاي قولۇمغا سۆيگۈم — قىزىل گۈلۈمنى،
بۇيرۇق بېرەر فۇرونتتا ئالى قوماندانىم...

گۈلۈم قىلار رەقىبلەرگە ئەجەللىك خىتاب...!
ياۋلار ئاچتۇرسۇن قۇرئەندازىدىن كىتاب.

سەن ئۈچۈنلا بۇ قەسەمنى مەھكەم تۇتقان مەن،
خىلاپ قىلسام ئانتىمغا، تېز ئۆلەي، دىگەن مەن.

مەيلى مېنى يىللار كومۇۋەتسۇن، كوڭلۇم توق!
ئاداققى مىنۇتتا پەرزەندىم چېلىشىدۇ...
پەرزەندىمگە كۈرەشتىن ئۆزگە مىراس يوق،
مەرت مەيداندا، نامەرت بىلەن كۈچ "سىنىشىدۇ..."

نەيزەمنى مەن رەقىپلەرنىڭ يۈرىگىگە سانچىپ،
ئۇ دەرتمەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!
ۋىجدانسىز ياللاۋۇزلارنى تالقاندەك يانچىپ،
ۋەتەن، خەلقىمنى شات قىلىپ، جەڭدە ئۆلىمەن!...

قورقۇش ماڭا ئۇلۇم! زادى دۇشمەن ئالدىدا،
شوخ دىلبەرنىڭ دىلى كويىگەن ئەركىن يارى مەن.
ساداقەتلىك بىلەن قەسەم بەردىم مەيداندا،
ھاياتىمنى كۈرەش ئۈچۈن ئاتاپ قويغانىمەن.

1944 - يىل سېنتەبىر.

ۋەتىنىم جۇڭگو تۇپراقلىرىڭ دۇردانەدۇر،
مەن پەقەت يانمايمەن باسقان شانلىق ئىزىمدىن.
مەسلىگىمىز ئەڭ ئۇلۇغ بىر بەختنامەدۇر،
يەنە ھىچ قايتماسمەن ئېيتقان ئىلغار سوزۇمدىن.

سېنىڭ ئۇچۇن تىكىپ قويدۇم بۇ شىرىن جاننى،
ئەي كىندىك قېنىم توكۇلگەن مېھرىۋان ۋەتەن.
گوھەردىن ئىسىل، ئەڭ ئۇلۇغ پاك بۇ ۋىجداننى،
قەسەميات قىلىپ سېنىڭغا كورستەي روشەن.

قولدىكى قىلىچىم ياۋ كوزىدە ئوينايدۇ،
شام-سەھەر قولۇمدىن چۇشمەيدۇ ئويناقلاپ.
ئۇستۇن كوتەرسەم كۇن نۇرىدا يالتىرايدۇ،
تۇرغاچ ئىشقىڭ بۇ جۇشقۇن يۇرەكتە قايناپ.

مەن تېخى، بىلىسەن ياش غۇنچەمەن بېغىڭدا،
ئېچىلسامۇ ھىچقاچاندا خازان بولماسمەن.
چۇنكى كېلۇر شاتلىق دەۋرىڭ-باھار چېغىڭدا،
چولدە قۇرۇغان ئاددى گۇل كەبى سولماسمەن.

شۇڭلاشقا ھاياتىم، ھورمىتىم، قەدرىمدۇر ۋەتەن،
ئىپتىخارىم، ئىقتىدارىم، ئىختىيارىم سەن!!

ياستۇغۇڭدا سۇرۇپ شىرىن ئۇيقۇ كەيپىنى،
بىر چۇشەكەپ ئۇزۇۋەتتىڭ سۇيگۇ رىشتىنى.

بولدى ئەمدى، يەنە سوزلەش ئارتۇقچە، دىلبەر،
بۇگۇن ماڭا بولدى دىلدار مىلتىق ۋە خەنجەر.

ۋەتەن ئۇچۇن جەڭگە كىردىم، سېنى دىمەسمەن،
سېنىڭ ئۇچۇن بۇرۇنقىدەك غەملەر يىمەسمەن.

ئانا يۇرتقا تىكىپ قويدۇم بۇ ئەزىز جاننى،
ۋەتەن-ئەلگە سوغا قىلدىم كوڭۇل-ۋىجداننى.

ۋاپادارمەن، مېھرىۋانمەن ئانا ۋەتەنگە،
ئاھ دىمەسمەن يۇلتۇزدەك ئوق تەگسە بەدەنگە!

قەدرىم بىلەر دىلىم سۇيگەن بۇ ئانا ۋەتەن،
مەن بىلەن بىر سەپتە يارەن-دوستلار مىڭ تۇمەن.

مەيلى ئاقسۇن مەيدان ئارا قان دەريالىرى،
مەيلى ياغسۇن دۇشمەنلەرنىڭ ئوق-بومبىلىرى.

بىز بىلىمىز بۇنى "يامغۇر-گۇلدۇرماما" دەپ،
ۋەتەن ئۇچۇن كەلتۇرىمىز ئالى شان-شەرەپ.

# ئاخىرقى مەكتۇپ

. . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . .

ئويغاق ئىدىم شېرىن تۇيغۇ ئەللەيلىگەندە،
“سەن ئىشەنگىل، كوڭلۇم ساڭا بەردىم” دېگەندە.

مەن كويەتتىم شەرۋەت سوزۇك، نازىك ئىشقىدا،
سەن كۇتەتتىڭ سۇبھى-سەھەر بۇلاق بېشىدا.

گۇل لېۋىڭدىن تامغان ھەسەل-قىيامىلار مېنى
خۇش قىلاتتى ماڭا مەھبۇپ كورستىپ سېنى.

ئېسىڭدىدۇ: “ئايرىلمايمەن ئەسلا” دېگىنىڭ،
پۇتلىكاشاك-توساقلاردىن ۋاھىم يېگىنىڭ؟...

كۇنۇ-تۇنلەر بىر نىيەتتە ئۇتەتتى، بىر چاغ —
دەرت-ئەلىمىڭ دىلغا سالدى ئۇچمەس قارا داغ.

# ئۇگەن ئوماغىم!

بىباھا گوھەر ئوماغىم ياش چىغىڭ،
مەۋج ئۇرار دەريا كەبى ئومرۇڭ سىنىڭ.
ئاخشىمى يېنىپ ئۇچكەن شام ساگىرى،
ئۈز ھالىغا قايتماس غۇنچە ياشلىغىڭ.

رەتلىنىپ ئاسماندا ئۇچقان تۇرنىدەك،
بىر-بىر ئارقى چولدە ماڭغان توگىدەك:
تاتۇلىشىپ ئوتەر يىللار ئالدىڭدىن،
"قارا-قارا قۇشلارىم"① ئويىنىغاندەك.

ياشىلىق — دۇرى-گوھەر تىزما مارجانى،
ئۈزۈلسە يىپى توكۇلۇر دۇردانى.
شۇ مارجانلار باھاسىز ئومۇرگە تەڭ،
چېچىلسا تاپالمايسەن كېزىپ دۇنيانى.

---

① قارا-قارا قۇشلارىم — باللار ئويۇنى.

ياۋ كوكسىگە خەنجەر كەبى قادالغاندا مەن،
ئوق زەربىدىن قىزىل قانغا بويالغاندا مەن؛

جان كويدۇرۇپ جەڭچى دىلدار ئالدىمدا تۇرار،
مېھرى بىلەن ئوتلۇق بېقىپ ئەھۋالىم سورار.

بەلكى ئۇ چاغ كەلتۇرمەسسەن كوڭلۇڭگە مېنى،
مەنمۇ ھەمرا قىلالمايمەن ئومرۇمگە سېنى.

ئەما بولۇپ قايتسام ئەگەر قىلارسەن نومۇس،
توكۇر بولسام تىلىڭ توكەر بەلكى زەھەر-بۇس.

مېنى دىمە، مەنمۇ سېنى دىمەيمەن پەقەت،
فۇرونت قىزى — دىلدارىمغا سادىق مەن ئەبەت.

قۇرۇق خىيال دەرياسىدا ئاقماسمەن ئەمدى،
بىۋاپاغا كوكرىگىمنى ياقماسمەن ئەمدى.

ئەي بىۋاپا، يازمىشمدۇر ئاخىرقى مەكتۇپ،
مەزمۇنىغا ئوزەڭ يەتكىن يىپىنشلاپ ئوقۇپ!...

1944 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

ئىلىم-پەننى يۈرەك قېنىڭغا سىڭدۈر،
مەرىپەت يولىدىن ئارتقا چېكىنمە!

دىل بېغىڭ ياشنىسۇن ئىلىم سۈيىدە،
ئۇندا ئەڭ شىرىن مىۋىلەر پىشسۇن!
ياشنىغان دىل ھېچقاچان بولماس غازاڭ،
خەلقىم ئۇ باغۋەنگە مىڭ رەھمەت دىسۇن!

ئۇگىنىپ ۋەتەنگە خىزمەت-تۆھپە قىل!
مېھرىۋان ئەلگە بىر نەتىجە ھەدىيە قىل!
(كەلگۇسىگە سەندىن ياخشى نىشانە قالسۇن،
ۋەتەن، خەلقىڭنى ئوبدان خۇرسەندە قىل!)

1945-يىل يانۋار، قەشقەر.

"ياش ئىدۇق، ئۆز ئىدۇق، خونلاردا گېزەك،
قېرىدۇق ـ چۆرىدۇق غەلۋىردە تېزەك." —
دىگەن پۇشايمانلار بولغان ئوماغىم،
قۇمدەك توزۇپ كەتمىسۇن ياشلىق چىچەك!

شۇڭا سەن ياشلىغىڭدا ئۆگەن ئوماغىم،
بەخت ـ سائادەت مەنبەسى بولۇر ئىلىم.
ھەقىقەت كانىدۇر ئۇ مەدەنلەر بار،
تىرەن كولاپ ئۇلارنى ئال ئوماغىم!

پىششىق ئوقۇپ، ھاۋادا قۇش كەبى ئۇچ!
ئومۇرۋايەتلىك بەخت ـ راھەتنى قۇچ!
ئوقۇشقا، ئويناشقا ھەققىڭ بار سېنىڭ،
قوشايلى پۈتۈن دۇنيا ھۆرلۈككە كۈچ!

ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈن ـ كۈن كۆپ تىرىش،
جىق بىلىشكە بار كۈچۈڭ بىرلە كىرىش!
ياش ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمىگىن بىھۇدە،
ئوكيان چەكلىك بولۇر، چەكسىزدۇر بىلىش.

مۇدام ئۆگەن ـ ئۆگىنىشتىن ئېرىنمە،
پۇتلاشسىمۇ توسقۇنلارغا ئېگىلمە!

توھپە بولسۇن دوستلارغا مېنىڭ قىممەت خېرىدىم،
زەربە بولسۇن دۈشمەنگە بومبا، مىلتىق، قىلىچىم.

ياۋنى قېتىپ ناخشامغا سىرلىرىنى پاش قىلاي،
مەقسەتداشلار بەزمىگە ئەپكارىمنى① چاش قىلاي②.

مېنىڭ شائىر بولغۇدەك كامىل ئىقتىدارىم يوق،
ئەمما قەلەم توختاشقا زەررە ئىختىيارىم يوق.

چۈنكى ئاشىق دەردىگە پەقەت مەھبۇپ داۋادۇر،
ئۆز جانىدىن كەچكەنلەر جانانىنى تاپادۇر.

مېنىڭ سۈيگەن جانانىم يېڭى جۇڭگوا بوستانى،
شۇنى سۈيگەن دىلاۋەر قەلەمكەشنىڭ دوستانى.

## 2. غەزەل

باتۇر جۇڭگوا ئۇيقۇدا مەغرۇرلىنىپ ياتقاندى،
دىلى ئويغاق، كوز يۇمۇق خىياللارغا پاتقاندى.

---

① ئەپكار — پىكىرلەر.
② چاش قىلاي — بايان قىلاي.

# قىرلىش ۋە تىرلىش

## (داستان)

—— "7 - ئىيۇل" خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

## 1. مەسنىۋى

ئەقدەمنى بېكىتتىم گوھەر سۈپەت مىللەتكە،
بېغىشلىدىم داستاننى يېڭىش كۆيلەپ دولەتكە.

بۇ ئەشئارنى يازماققا قەلەم ئاجىز كېلىدۇ،
زىلىستاندا تەۋرەشنى خامە①جايىز كورىدۇ.

دائىم يۈرەك بۇلىغى جۇشقۇنلىنىپ قاينايدۇ،
مۇھەت② ھاسىل قىلماستىن تامچىلاشقا قانمايدۇ.

ئەشئارىمنى گوھەردىن مارجان كەبى تىزىمەن،
گوھەر ئىزدەپ جاھاننى بىر مىنۇتتا كېزىمەن.

---

① خامە — قەلەم.
② مۇھەت — دېڭىز - ئوكيان.

نەچچە يىللار چېلىشقاچ دۇنيا قايىل بولۇشتى،
دۈشمەن تىزى پۈكۈلدى، چېتىقـلەر ھەم قاتلاندى.

مانا بۈگۈن ئازادە چېلىشماقتا غالىپكار،
ئۇ خۇنخورنى يېڭىشقا شانـلىق پۇرسەت ئاز قالدى.

باردۇر باتۇر قوماندان — ھېچ يېڭىلمەس كۈچلەر بىز،
مىللىتىمىز بەختىيار — غالىبىيەت بايقالدى...

ئىلھامىڭدىن دۇر ياغدۇر داستان ئارا شوخ-ئەركىن،
دولەت-خەلق شەنىگە كەڭ بىر ئورۇن ساقلاندى.

## 3. نەزمە

قانداق ئالاي تىلىمغا ئۇتكەنكى پاجەنى،
يازاي قانداق داستانغا ئۇ قانلىق ۋەقەنى.

سىقىلىدۇ يۈرىگىم، تېنىم قىزىپ كېتىدۇ،
دوستۇم شۇنداق بولسىمۇ تەۋرىتەي بۇ خامەنى.

ئاھىكىم، ئوت چاچتىلەر ئول نابىكار خۇنخورلار،
ۋەيران قىلىپ ئىمارەت، كويدۇردى كەڭ ئاممەنى.

ئەجنەبی مۇغەمبەرلەر ئوغرىدەك قەست ئەيلىشىپ،
جۇڭگونىڭ پۇت-قولىغا گاڭ چىتىقىنى چاتقاندى.

تاسما قىلىپ گوشىنى بولدى جاننى ئالماقچى،
ئەۋلا زەھەرلەشچۇن ئەپيۇننى ساتقاندى.

تۇيسمۇ بۇ قەھرىمان پەرۋا قىلماي ئۇخلىدى،
ئەيلەپ شىكار ئۇ خۇنخور بىزنى بوزەك تاپقاندى.

ئىيۇل كۇنلىرىنىڭ چوغ — پاھ-پاھ منۇتى ئەردى،
لۇگوچياۋدا ئۇ قانخور توپ-زەمبىرەك ئاتقاندى.

ئىتىلغان توپ زەربىدىن زىمىن يۇزى تىترىگەن،
ئاچچىقلىنىپ بۇ پالۋان دەرغەزەپناك ئويغاندى.

كوتىرىپلا بىشىنى ئەتراپىغا قارىسا...
"شەرقىي غار"نىڭ ياۋۇزى ئۇرۇش ئوتىن ياققاندى.

گەۋدىسىگە يىغىپ كۇچ كۇرەش تامان يول سىلىپ،
قىلىچىنى چەيلىبان يىگىش ئۇچۇن ئاتلاندى.

لەپىلدىگەچ مەيداندا قان رەڭلىك يىگىشچان توغ،
تاجاۋۇزچى بورىنىڭ ئاجىز بىشى ئايلاندى.

كومدى تىرىك تۇرغۇزۇپ قولغا چۈشكەن ئادەمنى،
كىيىگەن بولسا جۇڭسەنيۇ ياردى ئۇنىڭ باغرىنى.

ئاشتى يەنە ھەددىدىن بىساناق ئالۋاڭ-ياساق،
خەلقلەر يىسە تاياق، ئۇ يالاپ قايماغىنى.

"سۇ كەلتۇرگەن خار بولدى، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز"
"پادىشا" ئىمىش كورۇڭ، ساموراي مايماغىنى.

يازاي قايسى بىرسىنى تىزىپ بۇ ھوججىتىمگە،
ھەرگىزمۇ كەچۇرمەيمەن دۇشمەننىڭ گۇناينى.

ئەگەر بىر-بىر قۇر تىزىپ يازسام ئۇل جىنايەتنى،
ۋۇجۇدۇم ئىزتىرابىدىن① كورەرمەن تىترەگىنى.

## 4. مۇرەببە

يۇۋاش چاغلاپ جۇڭگونى، دۇشمەن قىلدى خام خىيال،
"جۇڭگونى بىر ئۇچ ئايدا يۇتۇش" ئىدى خام خىيال،
"ئاسياغا خوجا"لىق دەۋا ئەتتى خام خىيال،
يەتكۇزەمدۇ دۇشمەننى "مەقسەت"كە بۇ شۇم خىيال.

---

① ئىزتىراب — تەسرات.

يەتكەن يەرگە قەدىمى بىگۇنالارنى تۇتۇپ،
ئالتۇن، كۇمۇش، دانىنى ئالدى يەنە جانىنى.

سانچىدىلەر نەيزىگە، يەنچىدىلەر تاش بىلەن،
ئايرىپ مۇشپىق ئانىدىن نارىسىدە بالىنى.

چولدە قالدى جەسىدى، ھۇقۇشلارغا بولدى يەم،
كاللىلاردىن ياسىدى چىرىك خۇنخور تاغىنى.

بىرقانچىلار سەرگەردان، ماكانىدىن ئايرىلغان،
تاغۇ-دەشتلەردە يىگەن نان ئۇچۇن ئوز ياغىنى.

كويدى ئىپپەت-نومۇسى ئول نازىنىن قىزلارنىڭ،
كېچە ئېنىق ئاڭلىدىم كوككە يەتكەن زارىنى.

كوزى ئويۇپ تاشلانغان، ئەۋرەتلىرى كېسىلگەن،
سۇ ئورنىغا ئىچتى ياۋ ئادەمىيەت قانىنى.

شاڭخەي، نەنجىڭ كوچىسى ئېغىللارغا ئايلانغان،
دارىلپۇنۇن نەدىمىش، قۇرغاچ زۇلۇم دامىنى.

قامچا تەگدى بەدەنگە، دەرەخلەرگە قېقىلىپ،
قۇيرۇغىغا باغلىشىپ چاپتۇردى ياۋ ئاتىنى.

ئىسكىلاتنى پارتلىتىپ زەرەرلەتكەن ھەرقاچان،
تامام بەربات بولىدۇ بۇزۇق-چىرىكىن خام خىيال.

ئالۋاستىنىڭ شەرق-غەرپتە رىشتە-يىپى ئۈزۈلدى،
"زومىگەرنى يوقىتىش" چوڭ پىلانى توزۇلدى،
مەزلۇملارغا بۈيۈك تاڭ چىچەك ئېتىپ سۈزۈلدى،
دۈشمەن بېلى ئۇشتۇلدى، ئۆلۈك بولدى خام خىيال.

جىنايەتكار قۇتۇلماي ئىتتەك بىتچىت بولىدۇ،
يۈرەك-باغرى تىتىلىپ تاراج-پاراج بولىدۇ،
قانلىق قەرز ھەم قىساسنى خەلق قالدۇرماي ئالىدۇ،
لەنەت-نەپرەت ئاستىدا كومۇلۇپ قالدى خام خىيال.

خەلق دېڭىزى — جۇڭگونى "بېسىۋېلىش" پىلانىڭ،
ئەزىمەتلىك خەلقىنى ھەم قۇل قىلىش خىيالىڭ،
ھەقىقەتتىن يىراقتۇر سېنىڭ تاپمىش مىسالىڭ...
كويۇپ كوككە سورۇلار كۆللىرىڭ ھەم خام خىيال.

ناھەقـقەت يوقىلىپ، ھەق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ،
غەۋغا-جاڭجال توگەيدۇ، ئىنسان ھورلۇك تاپىدۇ،
مەزلۇملارنىڭ تىلىگى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ،
يەر بىلەن يەكسان بولۇر زۇلۇمخورلۇق خام خىيال.

ئالتە توك ـ توكنىڭ كۆچى مىلىونغا تەڭ كېلەلـمەس،
ھەقىقەتنىڭ شاخىنى ئۇشـتۇپ بولماس، ئېگىلـمەس،
نەيرەڭۋازنىڭ سوزىگە ياش گودەكمۇ ئىشەنمەس،
دۈشمەن ھالاك بولىدۇ، بۇزۇلىدۇ خام خىيال.

رەقىپ نىمە ئويلايدۇ، تۈندە نىمە چۈشەيدۇ؟
قايسى ئاڭدا كېزىدۇ، قايسى "يەم"نى كوشەيدۇ؟
قاي مەنزىلنى كوزلەيدۇ، قانداق يۈكنى سورەيدۇ؟
جاۋاپ شۇدۇر بۇنىڭغا: قەتئى، پەقەت خام خىيال.

ئۇچراپ دۈشمەن پالاكەت، كورەلمىدى ھالاۋەت،
شۇڭا دۇنيا ئالدىدا تارتتى ئىزا ـ ئاھانەت،
قىلىپ ھۇجۇم جۇڭگوغا قىلالمىدى تاپاۋەت،
ھەرگىز پايدا بەرمەيدۇ ئاساسى يوق قۇم خىيال.

پاچاقلىدى يالۇجياڭ، كېمىسىنى دولقۇنلاپ،
كويدى قانات ـ قۇيرۇغى مەككار ئۇچقۇچ پىلتىڭلاپ،
قارا گورگە يوللاندى چېرىكلىرى يۈز ـ ئونلاپ،
كوردى دۈشمەن تىلپات① قىلغىنىدىن دۇم خىيال.

ئالدا تۇرغان مۇنتىزىم، تاغ باغرىدا پارتىزان،
چىنەپ مىلتىقلىرىنى دۈشمەنلەرگە قاراتقان،

① تىلپات — تالاپەت دىگەن مەنىدە.

جان تالاشقان دۈشمەنگە كەلدى قانلىق خەتەرلەر،
كۈتۈپ تۇرار بىزلەرنى جەڭدە ئوتلۇق زەپەرلەر،
چۈشتى دۈشمەن سەكراتقا، تېز بولغۇسدۇر تارمار.

رەقىپلەرگە ئامان يوق، بولۇر چوقۇم خارۇ-زار،
بۇ ئازاتلىق ئۇرۇشتا بىزگە كورۇم بار-بار،
قانخور جاللات بار ئىكەن ئاڭا ئولۇم يار-يار،
تاجاۋۇزچى ئاپەتنى گورگە ھۇجۇم تارتار،
دىمەك دۈشمەن ھىچ قالماي تېز بولغۇسدۇر تارمار.

## 6. مۇسەددەس

كورۇپ ئوتتۇق دەھشەتلىك بەكمۇ ئېغىر كۈنلەرنى،
يېڭىپ چىقتۇق ۋەھشەتلىك قايغۇلۇق شۇ تۈنلەرنى،
ئېشىپ كەتتۇق داۋاندىن بېسىپ قىڭغىر يوللەرنى،
بېغىمىزدا ئۇندۇردۇق غول سۇمەنبەر-گۈللەرنى،
قويدۇق جەڭدە ھاردۇرۇپ ۋەھشى زومگەرلەرنى،
ھۇجۇم ياساپ ھەر مىنۇت ئالدۇق بىز زەپەرلەرنى.

بىلدىڭىزمۇ ئەي دوستلار، يېڭىش كىمگە خاس ئىكەن؟
ئۇچرىساقمۇ قىرغىنغا، ھايات كىمگە ماس ئىكەن؟
ئېيتىڭلارچۇ بەھوزۇر، ئېيتقان سوزۇڭ راس ئىكەن!

## 5. مۇخەممەس

جۇڭخۇا جەڭگە قوزغالدى، ياۋ بولغۇسىدۇر تارمار،
بىرلىك خەنجەر دۈشمەننى قىلغۇسىدۇر تارمار،
قانچە غالجىرلاشسىمۇ بارغۇسى گور — تارمار،
زەررە ئۈتۈق تاپالماي ئالغۇسىدۇر تارمار،
شەكسىز ياۋۇز ئىپلاسلار كورگۇسىدۇر تارمار.

خەلق توپلاندى جەڭ ـ چېلىش بايرىغىنىڭ ئاستىغا،
بىردەك شوئار توۋلىشىپ قوزغالدى جەڭ ـ چېلىشقا،
ھاياتى ۋە مەقسىدى توختالدى بىر نۇقتىغا،
دۈشمەن ئالغا باسالماي، قوغلاندى ئۆز گورىغا،
شەكسىز، ۋەھشى كوڭۇللەر تېز بولغۇسىدۇر تارمار.

چۈنكى رەقىپ توت ياندىن قامال قىلىپ ئېلىندى،
ئىتتىپاق ئاتقان ئوقى باغرى تېگىپ قادالدى،
ئەجەل ئىسكەنجىسىگە مەھكەم قىلىپ سىقىلدى،
پەقەت دۈشمەن تەقدىرى يېڭىلىش دەپ بىلىندى،
تاجاۋۇزچى خۇمپەرلەر تېز بولغۇسىدۇر تارمار.

بۇ قەھرىمان جۇڭخۇاغا بولدى قۇتلۇق سەپەرلەر،
ئىگىزلىكتىن غاقىراپ كەلدى شاتلىق خەۋەرلەر،

قارا يۇزلەر كوكسىنى پەشۋا بىلەن داغلايمىز،
كوز نۇرىمىز ۋەتەننى ئېھتىراملاپ ساقلايمىز،
قويدۇق جەڭدە ھاردۇرۇپ خۇنخور زومگەرلەرنى،
ھۇجۇم ياساپ ھەر مىنۇت قازاندۇق زەپەرلەرنى.

ئىرادىمىز مۇستەھكەم ھىچقاچاندا سۇنمايدۇ،
ناھەقنەقەت ئالدىدا ھەقىقەت يېڭىلمەيدۇ،
بىزگە بىر تاڭ ئاتىدۇ، ئىككىنچى يوقالمايدۇ،...
بارلىق مىللەت ئەركىنلىك، مۇساۋاتتا① ياشايدۇ،
شۇڭلاشقا يوق قىلىمىز بەتكار زومگەرلەرنى،
ئورنىتىمىز ۋەتەنگە مەڭگۈلۈك زەپەرلەرنى.

1945 - يىل 15 - ئىيۇل، قەشقەر.

## بولماس

ۋەتەن سۆيگەن كىشى ھەرگىز جاھاندا خارۇ-زار بولماس،
ئۆلى مەھكەم قۇرۇلغاندا بىناسى تارمار بولماس.

---

① مۇساۋات — باراۋەرلىك.

ھايات ئۇچۇن كۈرەشتە يېڭىدىغان ناس[1] ئىكەن!
شۇڭا قويدۇق ھاردۇرۇپ جەڭدە زومىگەرلەرنى،
ھۇجۇم ياساپ ھەر مىنۇت ئۇتتۇق بىز زەپەرلەرنى.

ئۇتمۇشتىن بىز ئۇگەنگەن، كەلگۈسىنى بىلىمىز،
شۇڭا چىققان دۇنياغا "جوڭخۇا" دىگەن نامىمىز،
يىراقلارغا تارالغان ئۇلۇغ شەۋكەت-شانىمىز،
يېڭىش تېپىپ تونۇلغان بۈيۈك ۋەتەن-ئېلىمىز،
قويدۇق جەڭدە ھاردۇرۇپ يىرتقۇچ زومىگەرلەرنى،
ھۇجۇم ياساپ ھەر مىنۇت قازاندۇق زەپەرلەرنى.

تاققا قاراپ يۈگۈرسەك قورقاق دۈشمەن قېچىشتى،
زەربىمىزگە چىدالماي زەھەرلىك گاز چېچىشتى،
غەزىۋىمىز زىيادە قايناپ يەنە تېشىشتى،
كۈرەش بىزگە يېڭىشنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشتى،
قويدۇق جەڭدە ھاردۇرۇپ مۇدھىش زومىگەرلەرنى،
ھۇجۇم ياساپ ھەر مىنۇت قازاندۇق زەپەرلەرنى.

يەنە قەتئى تىرىشىپ زۇلمەت يولىن باغلايمىز،
تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى يوقاتماققا چاغلايمىز،

---

① ناس — ئاما — خەلق مەنىسىدە.

# ئازاتلىق باھارى

(مۇستەھـزات مۇرەببە)

— ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىللىق ئۇرۇشـ
ـىمىزنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى تەبرىكلەيـمەن.

قۇللۇق ئورنىغا بولدى ئازاتلىق،
خوشاللىق ئىچىدە كەلدى ئازاتلىق،
كەتتى تۇتقۇنلۇق، كەلدى ئازاتلىق،
بەخت تۇغۇلغاندەك كەلدى ئازاتلىق،
لەيلـىمىز ناھار.

نازلىق باقتى ئاي چىچەك ئاتـقاندا،
سۇبھى كارۋانى ئىتەك ئاچـقاندا،
مەيداندا جەكچى غىجەك چالغاندا،
قوينىنى ئاچتى بىزگە ئازاتلىق،
پەسلىمىز باھار.

كەتتى زەھەرلىك، مۇدھىش زىمىستان،
بولدۇ جۇكخۇا يىڭى گۈلىستان،
دۈشمەنگە ماكان بولدى گورىستان،
چىلىش بىلەن بىز تاپـتۇق ئازاتـلىق،
پۇرايدۇ گۈللەر.

ۋەتەن خەلقى ئۇچۇن جاننى تىكىش ھەركىمگە شەۋكەتتۇر،
ۋەتەن خىزمىتىدىن ئارتۇق-ئۇلۇغراق كارى بار بولماس.

تۇزەتكەن چاغدا ئىللەتنى، يوقاتقان چاغدا زىللەتنى،
ئازات قىلغاندا دولەتنى، جاھان ھىچكىمگە تار بولماس.

ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقەززاسى بىلىپ قوي، نىمە ئىستەيدۇ،
خۇراپات بىرلە غاپىللىق تەرەققىغا شوئار بولماس.

ئوزەڭنىڭ پايدىسىدىن كەچ، ۋەتەن نەپئىگە كوز تاشلا،
بىراۋ قىلسا زىيانداشلىق، ئۇنىڭغا خەلقمۇ يار بولماس.

پەقەت بولساڭ ۋەتەن خەلقىڭ ئۇچۇن ئاشىق سادىقەتلىك،
پىقىرلىق-كەمبەغەللىگىڭ ساڭا ئۇ دەمدە ئار بولماس.

ساناقسىز مالۇ-مۇلكۇڭگە ئىشەنمە، ھىچ غۇرۇرلانما،
ۋەتەن، خەلقىڭگە خىزمەت قىل، ئۇلۇغ توھپەڭ بىكار بولماس.

يىگىتلىك چاغ غەنىمەتتۇر، ئەزىز ئومرۇڭمۇ قىممەتتۇر،
ساقال قاردەك ئاقارغاندا بىلىڭدە كۇچ-مادار بولماس.

تىلى قىسقا بۇ شوخ-ئەركىن بۇيۇك ئەلنى سالاملايدۇ،
زىمىستان كەتمىگۇنچە ھىچ گۇلىستاندا باھار بولماس.

1945-يىل ئىيۇل، قەشقەر.

كەتتى دەرت ـ ئەلەم ئەلنىڭ بېشىدىن،
ئۆچتى ئاداۋەت ھەر بىر كىشىدىن،
ئالقىش جۇڭخۇاغا ئىچكى ـ تېشىدىن،
كەڭ قانات يازدى كۆتكەن ئازاتلىق،
بىزلەر بەختىيار.

450 مىليون خەلق مەھكەم بىرلىشىپ،
ۋەھشى ياپوننى يەگدۇق چېلىشىپ،
دولەت قۇرىمىز ئەمدى تىرىشىپ،
بىزلەرگە كېرەك مەڭگۇ ئازاتلىق!
دۈشمەن تارۇ ـ مار!...

1945 ـ يىل ئاۋغۇست.

# يۈرەكتىن ئاۋاز

قەلەم!
سېنى شوخلۇق نەسىمىدا،
ئەركىن تەۋرىتىمەن،
ئۇخلاتمايمەن،
ئۇخلىمايمەن،
ئاخىرغىچىلىك —

قارا كىچىلەر يورۇپ تاڭ ئاتتى،
تاجاۋۇزچىلار قەۋرىدە ياتتى،
يۇزسىز غالچىلار غەملەرگە پاتتى،
گۈزەل جاناندەك كۇلدى ئازاتلىق،
خۇشتۇر كوڭۇللەر.

سەككىز يىل ئاقتى قىزىل ياقۇت قان،
مەرتلىك يوسۇندا بەردۇق كوپ قۇربان،
دۇنيا ئەھلىنى قالدۇردۇق ھەيران،
قان-تەر ئىزىدىن كەلدى ئازاتلىق،
ياشنار يۇرەكلەر.

غەزەپ ئاستىدا پارتلىدى زىندان،
زەرپكە ئۇچرىدى دۇشمەنلەر چەندان،
ئىستىقبالىمىز غۇنچىدەك خەندان،
بىزنىڭ تويىمىز بولدى ئازاتلىق،
چالدۇق سۇنايلار.

جاھان تارىخى ئاچتى يېڭى بەت،
بىزگە باغلىدى بارچە مۇھەببەت،
ئىتتىپاقچىلار تۇتتى ھەققەت،
"ئۇقلۇق"① تۇگىدى، بولدى ئازاتلىق،
ھەممە توي تارتار.

---

① ئۇقلۇق — گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيىدىن ئىبارەت ئۇچ جاھانگىر دولەت "ئوق مەركەز" دەپ ئاتالغان ئىدى. — ئاپتوردىن.

دىلى گوھەر،
تىلى جەۋھەر
ئۇلۇغ ئۇستاز ئۇگەتكەن.
بۇ دەرس
قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن.
ئەي، شوخ قەلەم!
ئەركىنلىك بابىدا
بۇلبۇلدەك ناۋا چەك!
جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىگە،
ئىنسانىيەت ئائىلىسىگە
بېغىشلاپ ناخشىلار كۈيلە!

مېھرىۋانلىق،
ۋاپادارلىق
سېنىڭ جېنىڭ بولسۇن!...
خەلق مەنپەئەتى —
ئىتتىپاقى،
ئالى نىشانەڭ بولسۇن!

قانغۇدەك سوزلە!
مۇمكىن...
مەيلى ئاسماندا قانچىكى ئۇچساڭ!
سېنىڭ شوخلۇغۇڭ ئۇ،

ھېچ توختاتمايـمەن!...
سېنى ھەرگىز ـــ
دەزمالغا ئوخشاتـمايمەن.

بىر چاغلاردا،
ھايات گۈلۈمنى
لەنەتكار يىللار
بەلكى توزۇتۇپ تاشـلار...
پەقەت سەن ـــ
ئەي... شوخ قەلەم!
مەن ئۈچۈن ـــ
دۇنـيانىڭ ئومـرى بىلەن تەڭ ـــ
ئۇزاق ياشارسەن!!!
دۇرۇس...
مەن كوزلەيمەن
ئۇلۇغ ۋىسالنى ـــ
ئەركىنلىك،
باراۋەرلىكـنى...
(پەقەت خەلقنىڭ).
بۇنى ماڭا
ۋە بەلكى ساڭا...
ئوزى ئالى،

قەلەم ئۆلمەيدۇ!
قەلەمكەش مەڭگۈ ياشايدۇ! —
بۇ، مېنىڭ شوئارىم.
ئەقىدەم شۇنداق چىڭ،
ھەتتا قەلەمنىڭمۇ شۇ.

قەلەم، ئەي قەلەم...
سەن مىتىن،
مەن كوھكەن.
سەنئەت تېغىدىن —
كان قېزىپ،
تەر توكۈپ،
كويۇپ- پىشىپ،
ساپ، قىممەت —
بىباھا گوھەر ئالىمەن.
ئۇنى چىرايلىق تىزىپ،
ئازات جۇڭخۇانىڭ —
كوكسىگە زىننەت بېرىپ،
مارجان قىلىپ ئاسىمەن!
مانا مېنىڭ قەلىمىم —
مانا مېنىڭ قەلبىم...
ئەقىدەم ئالىجاناپ؛
مەقسىدىم:

لېكىن سەن...
شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى:
ئوپۇ-چورەڭدە...
ئەگرى نىيەت،
ھەسەتخورلارمۇ بار...
ئۇلارنى قانىتىڭ بىلەن ئۇر!
خەنجەر بولۇپ تىل!
ئەي قەلەم!
سەن شۇنداق شوخ
ھەم زىل...
سۈپىتىڭگە، خىسلىتىڭگە...
دەريا بېلىقلىرىمۇ ئوخشىماس.
قەلەم بانىسىز كۈيلىمەس
خۇددى ئېپتىكار ئېيتقاندەك.
كىيىكتەك تېگىرقىما!
ھەر بىر مىسرادا
تىمەنلىكنى جارى قىل!

قالمىسۇن دىلىڭدا ئارمان!
يەنە توختىماي قاينا!
يەنە دۇغ بولۇپ قالما!
ئەقدە قەسىدىسىنى توقۇ!

مەقسەتكە يېتىدۇ...

1945 - يىل 3 - سېنتەبىر.

## تىلىم

سوزلە تىلىم ئۇرغۇپ، بۇلبۇل بىكار قالسۇن!
شىرىن سوزلىرىڭدىن نازۇك نىگار قالسۇن!

تاشلار ئېرىپ كەتسۇن سوزۇڭ تەسىرىدىن،
خەستە شىپا تاپسۇن، "تۇتى" بىمار قالسۇن!

خەلقىم ئىچىپ شەرۋەت، "رەھمەت!" دېسۇن دائىم،
دىلغا بېرىپ لەززەت، ئارتىنا شېكەر قالسۇن!

قولۇم چالسا راۋاپ، كۆيلە مۇقامىڭنى!
كەتسۇن جاھان ياڭراپ، جىڭگىر دۇتار قالسۇن!

سازلا، ناۋا بىرلە، سازىڭنى شوخ-ئەركىن!
تىلىڭدىن ئەلگە ئۆچمەس مول يادىگار قالسۇن!

1945 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

جۇڭگونى —
دۇنيانى ئازاتلىقـقا يەتكۈزۈش، دەپ،
يۇلتۇزلاردىن قۇرلار تىزىپ،
ئاسمان بېتىـگە يازىمەن.

ئۇنى ھەممە كورسۇن...
ھەر تال ئۇنـچە ـ سوز —
دانە ساپ گوھەرگە تەڭ.
ۋە بەلكى قىممەت — سەنئەت سوزى.
قەلەم يەنە شۇنداق —
ئەزىز جانغا تەڭ.
ساقلايمەن ئاگا —
ئاخىرغىچە ھورمەت ـ ئىـززەت...
ئاداققى مىنۇتقىچە
مېنىڭ قەلىمـىمدىن
شۇنداق...
دولەت ئەلا!
خەلق ئەلا!
دىگەن ھەقـقانى ئاۋاز —
ئۇلۇغ سادا چىـقىپ تۇرىدۇ.
ئۇ پەقەت ئوچمەيدۇ...
پەقەت يېڭى جۇڭـخۇا،
ھورلۇك دۇنيا مەنزىـلىدە

بوسۇغىدا تۇرىدۇ توت كوز بولۇپ غېرىبى،
ياردىن بولەككە باقماس كوزلەر تېشىلمىگۇنچە.

ئاۋال كوڭۇلنى ساپ قىل، ئاندىن يولۇڭنى تاپقىل!
ھېچبىر بىنا قۇرۇلماس ئۇللار تىزىلمىغۇنچە.

بولسا يار ئۇچۇن قۇربان ئاقىۋەتتە شوخ-ئەركىن،
ئالتۇن سەھىپە بىكار، ناملار يېزىلمىغۇنچە.

1945-يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

# چىرايلىق

(مۇسەببە)

ئۇلۇغ ئانا يۇرتىمىز—دىيارىمىز چىرايلىق،
گۇللەر ئوسكەن باغىمىز، باھارىمىز چىرايلىق،
ئالما، نەشپۇت، مۇناقى، ئانارىمىز چىرايلىق،
شېكەر پىلەك، ئاقناۋات، پاتاسىمىز چىرايلىق،
سەۋزە، لاڭخا، شوخلا ھەم ماشلىرىمىز چىرايلىق،
ئالتۇن بۇغداي ھەم قوناق، ئاشلىرىمىز چىرايلىق،
لەپشىپ تۇرغان مايسىلىق قىرلىرىمىز چىرايلىق.

# غەزەل

جانان ئىشكنى ئاچماس، زەنجىر قىقىلمىغۇنچە،
جەننەت دىلىمغا ياقماس ئەنجۇر قىتىلمىغۇنچە.

باغدا ئېچىلسا لالە، بۇلبۇل قىلۇركى نالە،
پەسلى باھار ئاتالماس گۈللەر ئېچىلمىغۇنچە.

ئاشىق مۇرادى يۈكسەك ياردىن ۋاپانى كورمەك،
پەرۋانە ئوزىنى ئۇرماس نۇرلار چېچىلمىغۇنچە.

گۈلشەن ئىچىندە رەيھان دىلنى مۇئەتتەر ئەيلەر،
نازى ھىساپقا كىرمەس تاللار ئېگىلمىگۈنچە.

شىرىن يولىدا پەرھات چەكتى جاپانى ھەر دەم،
گوھەرمۇ قولغا كەلمەس كانلار قىزىلمىغۇنچە.

بول "رابىيە"نى كورسە "سەيدىن" جىنى سۈيۈنۇر،
ئالماس ئارام مۇساپىر بەللەر يېشىلمىگۈنچە.

ۋاراقدىشىپ تارىخنى، كورۇپ باقسۇن ئىنسانى،
پەزىلەتلىك نەسلىمىز ـ ئەۋلادىمىز چىرايلىق.

بىزگە ھۇجۇم قىلسىمۇ ۋەھشى نىيەت نابىكار،
بولدى ئاخىر ئۇتتۇرۇپ سالتاڭ كىپەن تارمار،
دۇنيا خەلقى بولەكچە بىزگە بەردى ئېتىۋار،
مەڭگۇلۇك دوست بولماقچى ئۇلار قىلدى ئىختىيار،
جەڭدە ئالغان ئۇتتۇقتىن ھەر كىشىمىز ئېپتىخار،
ھەر بىر ئادەم ھەرقاچان تىپچلىققا خوپ ئىنتىزار،
چوڭ مەيداندا مەردانە، بايرامىمىز چىرايلىق.

گۇل باغ ئارا گۇل تىرۇر تەر ئاققۇزۇپ باغىۋان،
پوستا سەگەك ساقلايدۇ بۇ ۋەتەننى پاسىۋان،
كوپ ئېزىلگەن خەلقىمىز پاراسەتلىك ـ ئاقىلان،
دوستلىرىغا خىيانەت قىلمىغاندۇر ھىچقاچان،
كوڭلىدە بار ياخشىلىق، يامان خىيال قىلمىغان،
شۇنداق توغرا مەقسىدى دوست ـ دۇشمەننى ئايرىغان،
ۋەتەن دىسە، شوخ ـ ئەركىن، ئەشئارىڭىز چىرايلىق.

1945 ـ يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

ئاسمان پەلەك تاغلاردا سەكرەپ كىيىك ئوينىشار،
قوزىچاقلار مەرىشىپ يايلاقلاردا يايرىشار،
بوتىلاقلار، تايچاقلار كىشنەپ، چىشلەپ قوغلىشار،
پەرۋاز قىلىپ بۇلبۇللار گۈل ئىشقىدا سايرىشار،
يولۋاس، بۇغا، ئارسلان جىلغا-جاڭگال خالىشار،
كىيىك كىندىك قارنىدا ئىپار-مىشكىن قاينىشار،
خەلقىمىزگە پايدىلىق يايلىغىمىز چىرايلىق.

كوك شىشىدەك سۇپ-سۈزۈك ئۇركەشلىگەن كەڭ دەريا،
ئەترە بۇيلۇق غۇبارسىز، دەرتكە دەرمان ساپ ھاۋا،
ئۈڭكۈر-غارلاردىن چىقار ئەجەپ مەيىن بىر سادا،
مەرمەر تاشلىق ھەم داڭلىق زىمىنىمىز تۇتىيا،
ھەتتا قومۇش، سۆتلۈك ئوت مەجرۇھلارغا دۇر داۋا،
بۈيۈك قۇرۇلۇشقا ماستۇر پال-پال غىلاڭ كەڭ دالا،
چىمەن ۋەتەن — گۈلىستان-گۈلزارىمىز چىرايلىق.

دىلى سادىق، ئەزىمەت، مېھنەتكەش قىز-ئوغلانى،
شىرىن سوزلۈك، ئاھۇ كوز پىداكار قەھرىمانى،
ۋەتەن ئۈچۈن پىدادۇر بولسا ئەگەر مىڭ جانى،
گۈل بىلەن بوستان قىلۇر بۇ چولىستان دۇنيانى،
بىزنىڭ ۋەتەن ئۇلۇغۋار كومۇر مەدەنىنىڭ كانى،

سېلىپ چوڭقۇر تەسىرات قاراپ كەتتىڭ مەكتەپكە،
ھەسرىتىم يوق دىلىمدا، يولۇڭدا ئۇلىسەم ناز گۈل.

مۇھەببەتلىك شوخ-ئەركىن گۈللۈگۈڭدە سايرىسۇن!
داستان بولۇر نىگارىڭ ئىلھامىغا چومسەم ناز گۈل.

1945-يىل نويابىر.

## بالىلار تىلى

ئۆزۈم كىچىك،
سوزۇم چۇچۇك.

مەكتەپ جىينىم—
جەننەت جىيىم.

ئەسىرىم روشەن،
جايىم گۈلشەن.

پىكرىم سۈزۈك،
ئىشىم تۈزۈك.

# ناز گۈلگە

مېھرىڭ بىلەن قارايسەن گويا جاننى ئالغۇدەك،
تېخىچە يوق ئىلتىپات كويۇڭدا يۈرسەم ناز گۈل.

نىمىشقىكىن تىترەيدۇ سىماپ كەبى يۈرىكىم؟...
سەن بىلەن كورۈشكەندە، كوڭلۈمدە كۈلسەم ناز گۈل.

يېڭى چىققان قۇياشتەك كۈلۈپ ئۆيدىن چىقارسەن،
سوزۈم لەۋدىن قاچىدۇ، قاچاندا كورسەم ناز گۈل.

تاتلىققىنا سوزۈڭنى بۈگۈن ئەجەپ سېغىندىم،
ئورنىۋالدى يالغۇزلۇق ھەر كېچە كۈتسەم ناز گۈل.

خەت يازايمۇ يا بېيىت، يا قىلايمۇ ناللەر؟
سەن ئۇيقۇدا، مەن بىدار، خىياللار سۈرسەم ناز گۈل.

سەن گۈل بولۇپ ئېچىلساڭ، مەن بۇلبۇلۇڭ سايرىسام.
دوستلار تەھسىن ئېيتىشار ئالدىڭدىن ئوتسەم ناز گۈل.

مەن بىر ئۇچقۇچ،
يا سىر قۇچـقۇچ.

ياش بولىمەن،
شوخ بالىمەن.

چامداپ شۇڭا
ماڭدىم ئالـغا.

تەييار ھەر دەم
ياۋغا زەربەم.

ۋەتەن دەيمەن،
ھەق ئىشلەيمەن.

كەلگۈسىگە
ياشلار ئىگە.

كىچىكىمدىن —
چىچىكىمدىن،

ئۇقتۇم بۇنى،
يازدىم شۇنى.

1945 - يىل قەشقەر.

كۆڭلۈم باھار،
ھەر چاغ ناھار.

يۈزۈم ئانار،
كوزۈم يانار.

تۇتتۇم قەلەم،
يوق بول ئەلەم!

تەكتىم شوخ دىل،
بەختىم ئۇز تىل.

قېنىم قىزىق،
خېتىم تىزىق.

ۋەتەن ئانام،
ساڭا سالام.

گۈزەل ئايىم،
بولاي ئالىم؛

ياكى شائىر —
جەڭگە ماھىر؛

سەير ئەتتى، كوردى دىللار نەپەسى،
ئاچتى كوكگۈلنى باھار نەسىمى،
گۈللەر ئېچىلغاچ گۈلشەن بولەكچە.

ھايات ئېرىشتى ئوچمەس چىراققا،
قىش دەۋرى كەتتى بىزدىن يىراققا،
مىللەت باراۋەر، ئەركىن بولەكچە.

جان ـ تەننى ئەتكەن دولەتكە تارتۇق،
ئومرى ۋەتەننىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇق،
ئوسمە يىگىتتەك، كوركىن بولەكچە.

قانات قاقىدۇ گاھ پەرۋاز ئۇرۇپ،
قۇمرى چىمەندە سايرايدۇ ئۇرغۇپ.
بول كۈنكى شاتلىق دەۋران بولەكچە.

ئەجەپ خىيالات مۇڭلۇق كېچىدە...،
زۇلمەت، ئاسارەت، قۇللۇق ئىچىدە...
قىلغان نادامەت ـ نالان بولەكچە.

ئومرىن ئوتكۈزگەن ياشلار گولەختە،
ھەسرەت يۈرەكلىك چاللار دوزەختە...
تۇرمۇش كەچۈرگەن ياران بولەكچە.

## مۇھتەملات

بۇلبۇلنىڭ ئارزۇسى پەسلى باھار-ياز،
ھەقىقەتتىن ئىلھاملىنىپ داستانلار ياز!
ماھىرلىقنى سەن ئۇ «ناۋايى»دىن ئۆگەن،
ئىجات گۈلزارىدا سايرا، قانات ياز!

1945-يىل قەشقەر.

## بۇگۈن بولەكچىغۇ؟

(مۇسەللەس)

——ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىزنىڭ زور غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ.

ئول كۈن بولەكچە، بول كۈن بولەكچە،
ئىلھام كەلمەكتە شول كۈن بولەكچە،
كەلكۈن زابانىم گۈلگۈن بولەكچە.

يوقالدى خانلىق يالماۋۇزچىلار،
گۇم بولدى ئەنە تاجاۋۇزچىلار...
دەلىل شۇنىڭغا، دەۋران بولەكچە.

ئىزى ئۇچمەيدۇ تۇتقان ئادالەت،
تارىخ ھوكمى شۇ: غالىپ ھەقىقەت...
مەغلۇپ زومىگەر، پەرمان بولەكچە.

سىم قوينىغا زەر پال-پۇل چوكەردى،
دىل مۇرغىزارى ياشناپ كوكەرتتى،
جانان يۇرەكتە سەيلان بولەكچە.

قانلىق چىلىشتا، ئۇتتۇق ئىلىشتا،
ئالغا مېڭىشتا، ھەر دەم يېڭىشتا،
بولدى بۇ جۇڭخۇا مەردان بولەكچە.

بولدى ئازاتلىق ئەلنىڭ قاياشى،
چاچتى نۇرىنى ۋەتەن قۇياشى،
تۇرمۇش چىرايلىق بولسۇن بولەكچە.

نومۇس ئاقلاندى گۇلشەننى ساقلاپ،
ئۇچمەيدۇ ھەرگىز ئازاتلىق-ئاپتاپ،

چىداپ تۇرالماي ئۇلسە يولداشى...
ئاققان سەل بولۇپ ئەلنىڭ كوز ياشى،
زەرداپ يۈرەككە تولغان بولەكچە.

ئەلنىڭ قېنىدىن زالىم بىزەلگەن...
زۇلمەت دەستىدىن جىگەر ئېزىلگەن،
ۋاپاغا جاپا بولغان بولەكچە.

باي ئىدۇق ئەمما بولدۇق بىز پەقىر،
ياتلار ئالدىدا ھەم بولدۇق ھەقىر،
"قۇم" "سىمونت" بولدى، بول كۇن بولەكچە.

ئۇققان كەشپىيات دۇنيا قولىغى،
بىزدە قايناپدۇ خىسلەت بۇلىغى،
سەنئەت مۇھىتى دولقۇن بولەكچە.

مەڭگۇ ياشايدۇ خەلقپەرۋەر دولەت،
"يەرگە بىر نوۋەت، ئەرگە بىر نوۋەت"—
دىگەن ئۇلۇغلار ئايان بولەكچە.

كورسەتكەن جەزىر، بارىدۇ قەۋر—
ئەسىردىن-ئەسىر، دەۋردىن-دەۋر،
پارلاق كەلگۇسى جاھان بولەكچە.

هايات ۋەسلىگە زار بولغان خالايىققا تېگىپ ئاپەت،
يۇرەكلەرنى جاراھەتلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن ۋابا كوردۇم.

يىگىتلىك دەۋرىگە يەتسەم ساپادا نەچچە "دانىشمەن"
ۋەتەن. نەپىئىگە كويمىگەن سىپاگەر ئاشنا كوردۇم.

بىراۋغا ياخشىلىق قىلماس ۋە لېكىن مىننىتى كوپتۇر،
رەپىقلەردىن ئاھانەتنى، رەقىپلەردىن جاپا كوردۇم.

هالاۋەت ئىزدىدىم، تاپماي، يولۇقتۇم دەرت-مۇشەققەتكە،
تاياندىم غەيرىتىمگە مەن، ئىشەنچىمدىن ۋاپا كوردۇم.

قۇلاغىمغا سادا كەلدى: چىمەنلىك باغدا تاڭ ئاتتى!
زىمىن-كوككە يورۇق بەرگەن ئەبەت ئۇچمەس زىيا كوردۇم.

كېچە-كۈندۈز بولۇپ توت كوز تىلەر ۋەسلىنى شوخ-
ئەركىن،
باھارىستان-گۇلىستاندا زىمىستاننى جۇدا كوردۇم.

1945-يىل قەشقەر.

قىلار جاھاننى نۇران بولەكچە.

1945 ـ يىل قەشقەر.

## كوردۇم

كېلىپ دۇنياغا مەن بەختۇ ـ سائادەتنى ئادا كوردۇم،
ئوزەمنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس بىداۋا كوردۇم.

بىرى شەخسپەرەس زالىم، بىرى قاشقىر مىجەز ھاكىم،
بىرى گال بەندىسى "ئالىم"... ساداقەتتە رىيا كوردۇم.

تەپەككۇر ئەيلىسەم، دوستلار شىكايەت قىلدى بۇ ھالـدىن،
بۇ خەلقىم بەختىنى بەختىم كەبى نۇرسىز قارا كوردۇم.

قىزىپ كەتكەن ھارارەتتىن بۇ چەكسىز دەشت ـ باياۋانلار،
ساماندەك سارغىيىپ سولغان خىلى رەنا ـ گىيا كوردۇم.

ئۇرۇپ پەرۋاندەك ئوزنى چىمەن ئىشقىدا ئورتەنگەن،
غېرىپ بۇلبۇل تىلىدىن مەن ئەجەپ مۇڭلۇق ناۋا كوردۇم.

كوزۇڭنى ئانچە ئوخشاتما!
سوزىنى ئوخشىتىپ قىلسا،
"يوغان" ئەقلىگە ئالدانما!
پالاستا ئولتۇرۇپ شامدەك،
قويۇپ ئالدىدا ئۇستىرلاپ،
سىنىڭغا ئېيتىدۇ يالغان،
قاپاق پالچىغا ئالدانما!
ۋەتەنداشنى تونۇپ قويغىل!
مىجەزى ـ خۇلقى ئوخشاشماس؛
جاھاندا تولا ئىنسان بار،
ئادەم تۇلكىگە ئالدانما!
قورام تاشلار ياتار سايدا،
ئاڭا بىركىم نەزەر سالماس،
دىيەلمەس ئۇ "كىرەكتۇر مەن!"
ساپال سولەتكە ئالدانما!
قازاندىكى تالاي سۇغا
قوشۇقتا بىر تۇز كۇپايە،
چاپان ئىچىدە ئادەم بار،
قاشاك ھەيكەلگە ئالدانما!
تەپەككۇر قىل، تەكەببۇرلۇق
كىشىگە پايدا بەرگەنمۇ؟
دىمىغىڭنى ئىگىز تۇتما،

# زادى ئالدانما!

ئوزىنى ئوينىتىپ قويسا،
"گۈزەل ھوسنى"گە ئالدانما!
تەبەسسۇم ئەيلىسە چوڭقۇر
"ناۋات" سوزىگە ئالدانما!
يىلاننىڭ تېشى يۇمشاقتۇر،
ئىچىگە لىق زەھەر تولغان،
ۋاپا قىلساڭ، جاپا كەلگەي،
سېسىق كوكسىگە ئالدانما!
كوزۇڭگە ئويقۇ كەلتۇرمەي،
كورۇشنى ئىختىيار قىلساڭ،
سالار باغرىڭغا نەشتەرنى،
مىكىر ـ قەستىگە ئالدانما!
ئوزەڭچە ساقلىساڭ تاشنى
يۈرەك ـ باغرىڭدا "گوھەر" دەپ،
ئاخىرى پايدا يەتكۈزمەس،
گۈزەل ئەپتىگە ئالدانما!
كورۇشكە دىل كوزى لازىم،

گۈزەل لەيلى ئۇچۇن مەجنۇن ۋاپا ئىلكىدە جان بەرگەن،
شۇنىڭدەك جان بېرەي بۇگۇن، مېنى ۋەسلىڭگە زار ئەتتىڭ.

"نە قىلسۇن ئاشىغىڭ مىسكىن، غېرىپكى بىر قۇرۇق جان بار"
ساڭا شۇنداق دىسەم باشتا ئۇزەمنى ئېتىۋار ئەتتىڭ.

مېنىڭ ئالدىمدا سەن ئۇزرا، سېنىڭ قارشىڭدا مەن ۋامۇق،
سېلىپ سىنەمگە مېھرىڭنى، گۇلۇڭ بەرگىگە خار① ئەتتىڭ.

لەتاپەتتە سېنىڭدەك بىر تېپىلماس نازىنىن دىلبەر،
بۇ ئۇمرۇم سەن ئۇچۇن مۇتلەق مېنى سەن ئىختىيار ئەتتىڭ.

كۇچۇڭ كەلدى ھىساپسىز كىم، رەشىك ئەتكەنگە تىغ ئۇردۇڭ،
ئارىغا ئۇنسە تىكەنلەر قىلىچتا تارمار ئەتتىڭ.

تېتىپ باققاچىكىن، مەيلىم سېنىڭ جامىڭدا لەززەتنى،
سۇمۇردۇم شەرۋىتىڭنى بىر، شۇ سائەت بىقارار ئەتتىڭ.

يىراق ئۇتمەي كوز ئالدىڭدا، ۋاپاسىز "يار"نى تەرك ئەتتىم،
پىدا قىلدىم ساڭا جاننى، مېنى سەن ھەم شىكار ئەتتىڭ.

---

① خار — گۇلنى ساقلىغۇچى تىكەن.

تىكەن شوھرەتكە ئالدانما!
ئەجەپ ھەيرانە مەن دوستلار،
بۇ ئالداش، ئالدىنىشلارغا؛
ياغار مولدۇر باھار پەيتتە،
"سوغاق پەسلىگە" ئالدانما!
كېچەش ئورنىدا شوخ-ئەركىن،
خۇلۇق بابىدا سوز ئاچتى،
بىلىپ يۈرگىلكى يولداشلار،
پەقەت يالغانغا ئالدانما!

1945-يىل قەشقەر.

## دىلدار جانانغا

جىلۋەڭ بىلەن ئەي جانان، ئۆزەڭگە مېنى يار ئەتتىڭ،
بۇ كەڭ كوڭلۇمدە چىن ئىشقىڭ چوغ-ئوتىنى بار ئەتتىڭ.

"كېرەكمەس باشقىسى سەندىن، ئۇمۇرلۇك ئاشىغىم سەن-سەن"
دىدىڭ خوشنۇد قىلىپ، ياتقا بېقىشنى نومۇس-ئار ئەتتىڭ.

تىلەپ ۋەسلىڭنى ئەي مەھبۇپ، كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ،
بۇگۈن سورىمايسەن ھالىمنى، قاي چاغنى قارار ئەتتىڭ؟

قاراپ قوي! خەستە مەن ھازىر، بۇ مەيدە ئېغىر زىققا،
ۋۇجۇدۇم چوغدۇر ئىشقىڭدا، داۋامەت تولغۇنار ئەتتىڭ.

ئۇنۇتماسمەن ساڭا بەرگەن ئۇ كۆنكى قەتئى ۋەدەمنى،
يېتىپ ئولسەم مۇرادىمغا نى ئارمان؟ غەمگۇزار ئەتتىڭ.

ئېچىلدى لالىدەك رەڭگىم كورۇپ ئىددىمكى خۇلقۇڭنى،
سىلىپ دىلىمغا مۇھەببەت، ئوزەڭدەك بەختىيار ئەتتىڭ.

يېقىملىق دىلرابا سەنكىم، يەنە مەڭگۇگە ياشناپ كەت!
ئۇلۇغ خىسلەت، پەزىلەتلەر جاھاندا ئىپتىخار ئەتتىڭ.

جانان بۇلبۇلى شوخ-ئەركىن گۇلىستاندا مۇدام سايرا!!
بۇگۇن سەن قىلچە پىكرىڭنى نىگارىڭغا ئىزھار ئەتتىڭ.

1945-يىل قەشقەر.

مۇلاقات بولساق ئىككىمىز يەنە خۇش خۇي تەبەسسۇملە
كېمىنەڭ ئىلتىجا قىلسا، "تۇرۇپ تۇر!" دەپ بىكار ئەتتىڭ.

كى چوڭ بولساقمۇ بىر مەلىدە سەن ـ بىز ئۇيىنىشىپ بىللە،
گاداي دەپ مەن غېرىبنى سۇندۇرۇپ خوپ ئىنتىزار ئەتتىڭ.

ئۇمىتلىك ئاشىغى سادىق ئىدىم ۋەسلىڭگە، ئەي جانان!
تىلىمنى لال ئېتىپ ئەلگە مېنى سەن ئاشكار ئەتتىڭ.

بېغىڭدا گۇل تېرىپ دائىم يۈرەك قېنىمنى سەرپ ئەتتىم،
دىسۇنكى "رەھمەت!" دىلبەر، مېنىڭچۇن لالىزار ئەتتىڭ.

ساڭادۇر رىغبىتىم دىلدىن، يوق ھېچ پەرقىم مېنىڭ ئەلدىن،
ئۇزەم دەرتلىك، يۈزۈم گەرتلىك، يۈرەكتە ئاھۇ ـ زار ئەتتىڭ.

مۇبارەك خاك ـ پايىڭنى يۈزۈمگە تۇتىيا قىلدىم،
ساباھى ۋەسلى شەمئىڭنى يېقىپ دىلغا ناھار ئەتتىڭ.

ھەقىقەتتە كوڭۇل بەردىم، سېنىڭدىن باشقا يار تۇتمام!
زىمىستان دىل جاھانىمنى بۇگۇن كوكلەم ـ باھار ئەتتىڭ.

بىلىپ ئالى سېنى يايرىم ئۇزەمگە مېھرىۋان قىلدىم،
پەقەت سەندىن بۇ كوڭلۇم توق، ھاياتىمنى چىنار ئەتتىڭ.

زەربە بېرىپ دۈشمەنگە، چىقتىڭ ئۈتۈپ،
جاپا بىرلە داۋاندىن ئۆتكەن ۋەتەن.

ناۋا چېكەر شوخ-ئەركىن ئەندەلىپتەك①،
ھەقىقەتەن مەن سېنى سۆيگەن ۋەتەن.

1946 - يىل يانۋار. قەشقەر.

## سەتەڭ

(ساتىرا)

چىشنى ساناپ باقسام توتى قاپتۇ لىڭىلداپ،
بىر غېرىچ توپلەي كىيىپ يورغىلايدۇ دىڭىلداپ.

ئەگرى-بۈگرى قورۇلۇپ ياغاقلاشقان يۈزىگە
ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتىدۇ ھەر مىنۇتتا يېڭىلاپ.

بىر قولىدىن چۈشمەيدۇ نان يىگەندە ئەينەكى،
سۆزۈپ قاپاقلىرىنى سوزلەپ قويار خىڭىلداپ.

---

① ئەندەلىپ — بۇلبۇل.

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

دۇنيادا قەدرىڭ ئۇلۇغ گۈلشەن ۋەتەن،
بالقىپ چىققان قۇياشتەك كۆلگەن ۋەتەن.

تەقدىرىڭ غالىبىيەتتۇر ھەر زامان،
زور ئادالەت دەۋرىنى سۈرگەن ۋەتەن.

ئىلمۇ-ئەخلاق جەۋھەرى قوينۇڭدا بار،
مەدەنىيەت بەھرىدە كەلكۈن ۋەتەن.

كەشپىياتتا ھەممىنىڭ ئۇستازى سەن،
تەرەققىغا ئاۋال يەڭ تۈرگەن ۋەتەن.

دىلى قايناق، كۆڭلى ئاق پەرزەنتلىرىڭ،
جەڭگىۋارلىقتا يەنە ئۈسكەن ۋەتەن.

تاغلىرىڭنىڭ جىگىرى ئالتۇن، كۈمۈش...
يۈرىگى ۋىجدان بىلەن پۈتكەن ۋەتەن.

گاڭ قەلەمنى تاشلىما، ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن ياز!
قورال قولدىن چۈشمىسۇن چىققۇنچە جان تېنىڭدىن!

جاننى تىككەن قەلەمكەش ھەرگىز زاۋال كورمىسۇن،
كوزلىگەن مەقسىدىگە يەتمىگۈنچە ئولمىسۇن!
ئاق ئاسماندا يۇلتۇزدەك پارلاپ تۇرغان ئۈنچىلەر،
شائىر ئۈچۈن ئىز بېسىپ روشەنلىسۇن-ئوچمىسۇن!

1946 - يىل، ئاپرېل.

## مېنىڭ ئامرىغىم

مېنىڭ بىر ئامرىغىم بار، ئۇ ئوزى تاتلىققىنا،
جانغا راھەت بېرىدۇ تىل-سوزى تاتلىققىنا.
قامىتىدۇر سانۇبەر، گۈل يۈزى تاتلىققىنا،
ئويناقى ئاھۇسىمان، جۈپ كوزى تاتلىققىنا.

ئامرىغىمنىڭ شوخلۇغى دىلغا ياخشى ياقىدۇ،
كورۈش بىلەن مېھرىلىك چىرىغىنى ياقىدۇ،
ئاشىغى دىلدارىغا ئوز كوكسىنى ياقىدۇ،
مېھرىۋانلىق بىلدۇرەر، دىل نازى تاتلىققىنا.

قېرى تۇلكىدەك ھىڭگىيىپ، كىمنى كورسە كۇلىدۇ،
ئۇسما قويۇپتۇ قاشقا چىڭگىلىكتە غۇلاچلاپ.

زاڭلىق بىلەن سەتەڭگە: "قانداقراق؟" دەپ قويسىڭىز،
جىلۋىسىنى ئوينىتىپ: "تۇرار، — دەيدۇ، — جىڭىلداپ".

سۇرۇشتۇرۇپ يېشىنى ئۇزىدىن سوراپ باقسىڭىز،
ئېيتار: "ئون توت"لىگىنى ئاۋازىنى قىزچىلاپ.

ھەممە يەرگە داڭ كەتكەن نامدار "ماجان بوۋى"
يىگىننى ماختايدۇ كورگەنلەرگە بايچىلاپ.

ھەجۋى قىلدى شوخ-ئەركىن ئىلھامىدىن ئازغىنا،
"ئىچى غال-غال، تېشى پال-پال" سەتەڭلەرنى قامچىلاپ.

1946 - يىل يانۋار، قەشقەر.

## قىتئە

ئويغىتىپ خىياللارنى ئەشئار چىقسۇن دىلىڭدىن،
تەسىر يېتىپ يۈرەككە مۇڭلار قونسۇن تىلىڭدىن.

كوز ئالدىڭدا ئىلھامىم ئويناقلاشقان ئوخشايدۇ،
سالامىمنى قوبۇل ئەت، شول كېزى تاتلىققىنا.

1946 - يىل ماي، قەشقەر.

## تار كوزگە دۇمبا

توسالغۇ بولۇپ توسما ئالدىمنى،
ئوتكۇر نەيزەمنى شۇنداق سانچىيمەن!
ھىچ ئېگەلمەيسەن بىر تال يالىمنى،
قەلىمىم بىلەن بىرلا يانچىيمەن!

كوزۇڭ جىيىڭى يىرتىلىپ كېتىپ،
بىر جىرتاق بولۇپ قالمىغىن يانا.
"ئىنسان" نامىڭنى يوقىتىپ ئېتىپ،
دوستلار ئالدىدا بولمىغىن كانا!

ئوسسەك-يېتىشسەك، ساڭا نە زىيان؟
بەلكى بۇ ساڭا... شەرەپ ئەمەسمۇ؟
خارۇ-زارلىققا چىدامدۇ ۋىجدان؟
تارىخ ئالدىدا ئۇيات بولماسمۇ؟

دىلدا مېھرىڭ كۆكلىدى يىلتىز تارتىپ ئامرىغىم!
غۇنچە بولدى ئەمدىلا زوقۇم ئارتىپ ئامرىغىم،
سۆيگۈم كېلۇر بويىنۇڭغا قولۇم سېلىپ ئامرىغىم...
تاڭ سەھەردە ياڭرىغان ئاۋازى تاتلىققىنا.

ساڭا بېرىپ كۆڭلۈمنى، كۆردۈم سەندىن لەززەتنى،
ئەمدى مەندىن كۈرۈپ قوي. ساڭا سالام-ئىززەتنى!
ھەتتا بۇ دەم تىرىكمەن، قىلاي مۇشكۇل خىزمەتنى!
كېچە قىلغان ئىلتىپات ۋەدىسى تاتلىققىنا.

خىيالىمغا كەلتۈرسەم مۇھەببەتلىك قارايسەن،
كۆپ ناز بىلەن چېچىڭنى شولىلاردا تارايسەن،
خۇش خۇيلۇقتا ئامرىغىم ماڭا بەكمۇ يارايسەن،
قۇلىغىمغا ئاڭلانغان چىن سازى تاتلىققىنا.

ئامرىغىم دەيمەن سېنى، تاتلىغىم دەيمەن سېنى،
ئاقىلىم، دانىشمىنىم، ئاپپىغىم دەيمەن سېنى،
ھوزۇرۇڭدا ئەركىلەپ پاقلىنىم دەيمەن سېنى،
ئامرىغىمنىڭ مېنىڭدەك ئارزۇسى تاتلىققىنا.

مېھرىڭ چوڭقۇر دىلىمغا چىڭ ئورناشقان ئوخشايدۇ،
قونتان كەبى ۋىجدانىم قايناپ تاشقان ئوخشايدۇ،

قولدىن كەلسە ئاسمانغا ئاتسۇن،
ۋەتەن يولدا ئۆلسەم مەن ئۆلەي...!

تار كوزلۇگۇڭنى — پەسلىكنى تاشلا!
خەلقىنىڭ ئىشىغا سەن ھەممشە كوي!
قولغا قول تۇتۇپ دوستلۇقنى باشلا،
ۋەتەن نەپسىنى، كوپچىلىكنى سۇي!

1946 - يىل ئىيۇن، قەشقەر.

# يارغا ئىلتىجا

قاچانكىم چۇشتى كوڭلۇم ئاي جامال دىلدارىغا،
ئاخىرى بولدۇم دۇچار دىلرابا ھىجرانىغا.

غۇنچىدەك قات - قات بولۇپ قان بىلەن تولدى يۇرەك،
قىلمىدىڭ ھىچبىر ۋاپا مەن كەبى بىمارىغا.

دائىما ھەسرەت چىكىپ، كۇن - تۇنۇم ئوتتى قارا،
جان كىرەكمۇ ئال بۇگۇن، مەن بىرەي جانانىغا.

ئوزەڭ قىلالماي، ئىش ياراتمايسەن،
غەيۋەت ـ شىكايەت سەردارى بولۇپ.
باشقىلار قىلسا، كوزۇڭ قىزاردى،
ئاچچىق كۆلسەن تىزىڭغا ئۇرۇپ!...

ئويلىغىن تار كوز، ئىشىڭ توغرىمۇ؟
كۆچىمىزنى سەن بىلەمسەن تېخى؟
بولماقتا رەسۋا سەندەك ئوغرىمۇ،
قومۇرۇلماقتا شۇمبۇيا شېخى.

تار كوزلەر بىلەن ھەر ۋاق چېلىشىپ،
ئولسەممۇ ھەرگىز ئارتقا يانماسمەن.
مۇقابىل تۇرۇپ خەنجەر سېلىشىپ،
يەڭمىگۈنچە مەن ئارام ئالماسمەن!

شېرىم ــ سىگنال، يۈرىگىم ــ پولات،
ماۋزۇسى ــ مارشال، خىتاپلار ــ بومبا.
ھەر كۆپلېت ــ تانكا، ھەرپى ــ ئاپتومات،
چېكىتلىرى ــ ئوق، ئاھىڭى ــ دومبا...

قېنى تار كوزلەر غالجىراپ باقسۇن،
ئۇيغۇر ئوغلىمەن، مەيلى بىر كورەي!

سالسىلەر ئالتۇن ساپاق، ئۇزىگە بەرسە زىننەت،
بولسا ھور ئويۇق، بەلكى ئىختىيار دىل يارىغا.

شوخ-ئەركىن قىلسا ساڭا ئىلتىجا مەقبۇلمىدۇر؟
نە بولۇر سالساڭ نەزەر، مەن كەبى ھەيرانىغا؟

1946 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

## مۇھتەمىلات

جاراڭلىق تەمبۇرنى ئالدىم، تەرەننۇم تارىنى چەكتىم،
تاپاي دەپ بىر نەپەس ئىلھام موخۇركامنى شۇ ئان چەكتىم.
مۇقامىم شۇ گۇلىستاندا قۇشلارنى تىلغا كىرگۈزدى،
سەۋەپكى سۇيىگۇ دەشتىدە ئەجەپ قاتتىق جاپا چەكتىم.

1946 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

مېھنىتىم كوپتۇر، مېنىڭ كۆلپىتىم قۇمدىن تولا،
ياخشىمۇ ئەتسە جاپا شېرىنى پەرھادىغا.

ئول كۆنى "مەكتۇپ" يازدىم، بەلكى كورگەنسەن ئۇنى،
باقمىساڭ قانداق قىلاي، مەن غېرىپنىڭ زارىغا؟

سوزلىرىم قاتتىق تېگىپ كەتكەنمۇ يارىم كوڭلۈگە،
سوكسە ئاشىق مەشۇغىنى ئەيىپ ئەمەس مەستانىغا.

تەلمۈرۈپ كەلدىم يەنە، ۋەدىمىز بولغان ئۈچۈن،
"رابىيە" تۇرسۇن كۆلۈپ دىل سۇنۇق "سەدىنى"غا.

نەچچە يىل تارتسا ئەلەم، سورىمىسا ئەھۋالىنى،
ئۆلتىجا قىلماس نىچۈك تاھىرى زوھراسىغا؟

يارنى دەپ مەجنۇن كەبى چوللەردە ئاۋارىمەن،
تۇغما ئاشقتۇر دىلىم لەيلىنىڭ رۇخسارىغا.

دەرت-ئەلەم ئالدى ئوراپ، ئاخىرى بولدۇم غېرىپ،
نالەشىم كەتتى يىراق—كەڭ جاھان ئەتراپىغا.

ئىچىنى ئاغرىتمىدى ئەرز-ھال ئېيتسام ئاگا،
نە بولۇر قانىسا يۇرەك مېھرىۋان دىدارىغا؟

يارنى ئۇستەيمەن
قاراپ ھەر ياقتا.

يارنىڭ شاملى
كەلدىمۇ بۇگۇن؟
كوڭلۇمدە بار بىر —
يېشىلمەس تۇگۇن.

قاراڭغۇ كېچە،
ئۇزەم خىيالدا.
تاڭ ئاتقۇنچىلىك
پىكرىم جاناندا.

بىر كورسەم ئىدىم
سۆيگەن يايرىمنى؛
ئېيتسام ئىدىم ھەم
ئەرزۇ ـ ھالىمنى.

تىڭشىماس ئىكەن،
سوزنى باغرى تاش.
رەھىم قىلمامدۇ —
بىزگە قارا قاش؟

# كەچكى خىيال

خىياللار سۇرۇپ،
لايىغا چوكىمەن...
غەمكىن كوزۇمدىن
ياشلار توكىمەن.

ئوزەمگە دەيمەن:
دۇنياغا نەپرەت!
چۇنكى يۇرەكتە —
قايىنايدۇ ھەسرەت.

ئويۇم بىر دېڭىز،
كارۋىنىم كېمە...
ئوزەم كاپىتان،
ئويلىشىم نىمە؟

ئۇزۇپ چىقالماي
گۇزەل قىرغاققا،

سوزلە بۇگۈن ئەركىن تىلىم،
بىزگە زورۇر كوپلەپ ئىلىم.

خەلق ئالدانـدى تىۋىپـلەرگە،
دۇچار بولـدى كىـسەلـلەرگە،
دوختۇر كىرەك دەرتمەنـلەرگە،
داۋالايدۇ پەننى ئىلىم.

كوكتە قۇشتەك تىز ئۇچۇشقا،
سائادەتنى هەم قۇچۇشقا،
كوپ قەۋەتلىك ئوي قۇرۇشقا،
سەۋەپچىدۇر پەننى ئىلىم.

پەننى ئىلىم بار سانائەت،
ئارقىسىدا كىلۇر راهەت،
پەنگە قارشىدۇر هاماقەت،
بىزگە مۇهىم پەننى ئىلىم.

پەننى بىلسەڭ ياشاپ كەتتىڭ،
روهىي قەننى ئاشاپ كەتتىڭ،
خەلققە گۇلباغ ياساپ كەتتىڭ،
كىرەكلىكتۇر پەننى ئىلىم.

1946 ـ يىل نويابىر. قەشقەر.

كۆتۈپ ئالامسەن
ياكى قوغلامسەن؟
بارسام قېشىڭغا،
كۆلۈپ تۇرامسەن؟!

سېنى ئويلسام
دەردىم ئاشىدۇ...
يۈرەكلەر قايناپ
لەۋدىن تاشىدۇ.

كېلەمسەن ئوزەڭ،
كۆتكەن زاماندا؟!
سېنى بىر كورەي
يورۇق جاھاندا!

1946 ـ يىل نويابىر، قەشقەر.

# پەن ــ روھىي قەن

پەننى ئىلىم ـ توغرا ئىلىم،
ئالماق كېرەك شۇندىن بىلىم؛

لەھەك ئارقىدىن كەلمەكتە قوغلاپ،
دېڭىز سۈيىنى لايلىتىپ ـ دۈغلاپ.

لەھەك ئېيتىدۇ: "چوڭلار ياشايمىز،
كىچىكلەرگە بىز ھۇجۇم ياسايمىز.

كۈچۈم يېتىدۇ، بۇ دېڭىز مېنىڭ!
يەپ تۈگىتىمەن، ھەققىڭ يوق سېنىڭ!

سەنلەر مېنىڭكى قۇلۇم بولىسەن،
'خوش!' ــ دەپ تۇرمىساڭ قانغا تولىسەن!

ھايات سەن بىلەن دېڭىزدا لەھەك،
بويۇن تولغىساڭ قىلغۇمىزدۇر جەك..."

لەھەك ۋاقىراپ: "تۇتىمەن" ــ دەيدۇ،
كوزى پاقىراپ: "يۇتىمەن" ــ دەيدۇ.

ئۆزىنى ئالدى بېلىق بۇ ياققا،
لەھەك سالماقچى ئۇنى توزاققا.

بېلىق سىگنال بەردى ھەممىگە،
يول قالدۇرمىدى لەھەك پەيلىگە:

# لەھەك بىلەن بېلىق
(مەسەل)

دولقۇنلۇق دېڭىز قايناپ ئاقماقتا،
قالغاچ ۋىچىرلاپ قانات قاقماقتا.

تاشلار داراقلاپ سوھبەت ئۈزىدۇ،
كۈمۈش بېلىقلار ئويناپ ئۈزىدۇ.

چەكسىز مۇھىتتا بېلىقلار ئەركىن،
ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىقلار كەسكىن.

ئۈزۈپ كېلەتتى بېلىق دېڭىزدا،
قاراپ تۇراتتى شائىر ئېگىردا.

غۇلدۇرلاپ كەلدى مۇدھىش بىر ئاھاڭ،
بېلىقنى قوغلاپ كەلمەكتە لەھەك؛

غاردەك ئاغزىنى يوغان ئاچىدۇ،
بېلىققا قاراپ زەھەر چاچىدۇ.

لەھەڭ نائۇمىت قاچتى بۇرۇلۇپ،
بېلىقلار ھۇجۇم قىلدى تۇرۇلۇپ.

بېلىقلار ئاتتى لەھەڭگە تاشنى...
ئاخىرى ئەگدى لەھەڭمۇ باشنى!

قۇردى بېلىقلار يېڭىدىن ھايات،
يەنە ئۇلارنىڭ بىرلىگى پولات.

دېڭىزدا خوشاللۇق، تويلار قايىندى،
بېلىق سۈيۈندى ـ ئەركىن يايرىدى.

1946 ـ يىل نويابىر، قەشقەر.

## ياشلىقىم

تۇغۇلۇپ كوردۇم جاھاننى، قىلدىم پۇشايمان،
ئەزىز ئۇمرۇم ئاقتى سۇدەك ماڭا باقماستىن؛
ئانامنىڭ كوزىدە قان ـ ياش، رەڭگى سارغايغان،
مېنى ”ئەللەي“ ئېتەر ئىدى يانغا باقماستىن.

"بېلىق جانۋارلار، چىقىڭلار جەڭگە،
قارشى تۇرايلى ياۋۇز لەھەڭگە!

ياشاش ئۈچۈن بىز قىلايلى كۆرەش!
بىزلەرگە زورۇر قوزغىلىش ـ تەۋرەش.

تېزدىن سەپ تۈزۈپ ئالغا ئاتلاڭلار!
قورقماڭلار ھەرگىز، يولدا قالماڭلار!

ئاسرايمىز يەنە كۆمۈتىلارنى،
ئۈششاق جاندارنى ھەم قۇرۇتىلارنى.

پەقەت لەھەڭنى يوقاتماق كېرەك،
ۋەتەننى ساقلاش بىزنىڭ زور تىلەك.

كىم تاجاۋۇزچى، شۇڭا قارشى بىز،
كوكتە يايرىسۇن ھورلۇك مارشىمىز!"

سانسىز بېلىقلار قوشۇلدى سەپكە،
ھۇجۇمچى لەھەڭ يىدى زور دەككە.

بېلىقلار ماڭدى بىردەك غاقىراپ،
ئەمدى باشلاندى بۈيۈك ئىنقىلاپ.

ئۇ نامەرتلەر ياخشى-يامان كىم، بىلمىدى!؟
سۆيگۈدىن يانار ھەمىشە بۇ سۇنغان كوڭۈل.

گۈزەل ياشلىقىم تېخىچە چېچەك ئاچمىدى،
كوپلەپ جاپا كەلدى، ئۇمرۇم شۇنداق ئوتەرمىش،
كۈلپەت-ئەلەم ماڭا ئامراق، غەملەر ياتمىدى،
توت كوز بىلەن دىلبەر مېنى قىزغىن كۈتەرمىش.

شۇمكىن يىللارنىڭ ماڭا قىلغان سوغىسى؟
ياندۇرۇپ ئالسۇن ئۇنى ئۇ، "رەھمەت" دىمەيمەن!
ھېچقاچان مەقبۇل ئەمەس شۇم يىللارنىڭ تووۋىسى،
بىلكى، ئالى تىلەكلەرنى ھەر دەم تىلەيمەن.

ھاياتىم بىناسىغا ئۇل تىزىپ ئالدىم،
مۇندا بار قەسىر-ئايۋانلار، پىلان ئۇزگىچە.
گۈزەل جاناننى كورمەككە بەك قىزىپ قالدىم،
يۈرەكلەر بىتاقەت باغدا گۈللەر تۈزگىچە.

كەچۈر گۈنايىمنى ئەمدى ئەزىز ۋەتىنىم،
بىلسەڭغۇ، ئۇ چاغدا مەن گودەك ئەمەسمۇ؟
ساڭا مەھكەم باغلانغان ئىدى دىلىم ۋە تىلىم،
ھە، "ياشلىق—بەخۋاشلىق" ئەمەسمۇ؟

بوشۇك ئۈستىگە مارجانلار ئېسىلغان ئىدى،
ئىنتىلەر ئىدىم مەن ئۇنى ئويۇنچۇق بىلىپ.
ئېسىلدىم، تارتتىم، چېچىلدى، يېپى خام ئىدى،
مارجان چېچىلماپتۇ، بىلدىم ئېسىمگە كېلىپ.

ئالدىراڭغۇ يىللار "ئەركىلىتىپ" ئۆستۈردى مېنى،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ چېپىپ ئويناپتتىم.
ئۈزۈلدى ياشلىق مارجىنىم تىزىلغان يېپى،
ئۇنى ئاختۇرۇپ تاپالماي قېتىپ قالاتتىم.

ئۇستۇم ئىشقىڭدا، تۇتاشتى يۈرىگىمگە ئوت،
يامانغا يامان بولدۇم، زامان تار ئىكەن.
ياتلارنى ئەزىز، مېنى خار ئەيلىدى ئوز يۇرت،
رەھىمسىز ۋەھشى نىيەتلەر مۇندا بار ئىكەن.

"مايىسلار" تېرىپتۇ يىللار ھويلا ـ باغلارغا،
ساقال بىلەن ماقال چىقتى، يىگىت بولۇپتىمەن.
گودەكلىكتە كويگەن يۈرەك تولدى داغلارغا،
زۇلۇمنىڭ چىغرىغىدا چىڭىت بولۇپتىمەن.

نازاكەتلىك گۈلىستانىمنى خازان ئەيلىدى،
پەريات ۋە نالە قىلىدۇ سەھەردە بۇلبۇل.

ئەبىدى ياشار خەلقىم ئۇلۇغلۇق تۇپەيلىدىن،
جىلۋە بىلەن باشلايمەن كەڭ مۇھىتقا خىسلەتنى.

كوز ـ كوز قىلىسمۇ رەقىپ، ئاگا پەرۋا قىلمايمەن،
قېتىقىنىپ ئىشلەيمەن، ئىجادىمگە سەنئەتنى.

ئۇچتى كوكۇل شۇڭقارى ئۇلۇغ تىلەك تاغىغا،...
قانات قاقىدۇ كوزلەپ زور ئىلىمگە شەپقەتنى.

ياخشىنىڭ يامانى مەن، يارىمنىڭ خۇمارى مەن،
دىل بېغىمدا ساقلايمەن دىلبىرىمگە نەشپۇتنى.

1946 ـ يىل دېكابىر، قەشقەر.

## ئەركىنلىك

تىلەر مىليونلىغان ئىنسان مۇساۋەتلىك ۋە ئەركىنلىك،
جاھاننىڭ راھىتى شۇدۇر: باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك!

بىراۋلار ھەددىدىن ئارتۇق جاپاسىز كۇن كەچۇرمەكتە،
تۇمەنلەرگە مەئىشەت يوق، بېرىلمەستىن بۇ ئەركىنلىك!

گاڭدەك پىشتىم، يىللار مېنى ئېرىتالمايدۇ،
بىلىپ قويدۇم يىللار ئىكەن ياشلىق ئوغرىسى.
ھېچكىم ماڭا گىرىم قىلىپ قېرىتالمايدۇ،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە مەن — گەپنىڭ توغرىسى!

1946 ـ يىل دېكابىر، قەشقەر.

# غەزەل

شان ـ شەرەپ دەپ قىلىمەن ۋەتىنىمگە خىزمەتىنى،
ھەر دائىما ساقلايمەن خەلقىمىزگە ئىززەتىنى.

ۋەتەن ماڭا ئارتۇقتۇر چىن مەھبۇبى جانانىدىن،
دىل بەھرىدىن ئىستەيمەن مۇھەببەتكە لەززەتىنى.

مېنىڭ خەنجىرىم كەسكىن ھەقىقەتنى ياقلايدۇ،
بومبىدەكلا تاشلايمەن دۈشمىنىمگە زىللەتىنى.

ياشلىق ئىستىگى ئالى، يېتىمىز تىلەكلەرگە...
ۋاپا مېھرىدىن بېرىمەن قەلىمىمگە زىننەتىنى.

## سەن ئۈچۈن

(مۇخەممەس)

ئاي مۇسەللىك ئى پەرى، مەستانە بولدۇم سەن ئۈچۈن،
سۇبھى-شام ئىزدەپ سېنى، ھەيرانە بولدۇم سەن ئۈچۈن،
ئەسلى رەھمىڭ كەلمىدى، ئاۋارە بولدۇم سەن ئۈچۈن،
ھەر نەپەستە مىڭ ئۆلۈپ ۋەيرانە بولدۇم سەن ئۈچۈن،
تەلمۈرۈپ ھەر كوچىدا دىۋانە بولدۇم سەن ئۈچۈن.

باغرى كويگەن مەن كەبى مەھزۇن كوڭۈلنى بىلمىدىڭ،
مەن ساڭا ئاشىق دىسەم، بەلكى كوزۈڭگە ئىلمىدىڭ،
سەن ئۆزەڭ ئالى نىگار، مەن خەس سوزىگە كىرمىدىڭ،
ئارزۇ قىلسام مەن سېنى، بىر كۈن ئۆيۈمگە كەلمىدىڭ،
جاننى قولدا ساقلىغان يىگانە بولدۇم سەن ئۈچۈن.

سەن مېنىڭ بىر شىرنىم، تۇتقىل شارابىڭنى ئىچەي،
سەن ئۈچۈن چەكتىم جاپا، كەلتۈر ئازاۋىڭنى چېكەي!
يەككە پەرھادىڭ ئۆزەم، كەلگىل جامالىڭنى كورەي!...
سۆيمىگىم ئاشكارىدۇر، گۈل شاخچە بوينۇڭنى ئېگەي!!
سۆيگۈ سازىنى چېلىپ بىگانە بولدۇم سەن ئۈچۈن.

پۇلى بارلار بەختلىكتۇر، پۇلى يوقلار ئاچا تۇتقۇن،
كۆرەشتى مۇشتۇمى بىرلە خەلق بايراغى ئەركىنلىك!

ئاسارەت زەنجىرى ئەمدى ئۈزۈلگەي، پارە-پار بولغاي،
پۈتۈن خەلق كوزىنى ئاچتى، مۇرادى ھورلۇك-ئەركىنلىك!

بۇ مىليونلار قولىغا چىقتى ئاپتومات بىلەن خەنجەر،
كۆرەشنىڭ مەقسەدى ئايدىڭ تامام كوزلەيدۇ ئەركىنلىك.

جىمى مىللەت تۈزۈپ بىرلىك، بەختىسىرى قەدەم قويدى،
يوقالغاي دۇنيادىن قۇللۇق، بولۇر ھەر ياندا ئەركىنلىك!

تىرىكتاپلار ياشالمايدۇ بۇ مىليونلار ھىساۋىغا،
ئەزىز جاننى تىكىپ جانغا، قىلار دۇنيانى ئەركىنلىك.

چېلىشماقتا پۈتۈن خەلقىم جاھاندا ھور ياشاش ئىزدەپ،
كۆرەشكەنلەر ئالار ئاخىر ئازاتلىق ھەمدە ئەركىنلىك!

يوقالسۇن لالما ئىستىبدات، قارا كۈنلەر تامام پۈتسۇن!
يېتەر مەقسەتكە شوخ-ئەركىن، چېچەك ئاتقاندا ئەركىنلىك!

1946 - يىل.

يېرىلغاندەك يۈرەك بۇ دەم بولۇپ كەتتى تۈمەن پارە،
تىزىلغان ئۇل كىرپىكىڭنى ئوققا ئوخشىتاي يارىم.

تېنىمدە قالمىدى تاقەت، ياندۇرۇپ قاراپ قويساڭ،
قاشلىرىڭنى ئېگىلگەن، ياغا ئوخشىتاي يارىم.

سېنى ھەر كېچە ياد ئەيلەپ، قۇمرى كەبى ھۇلايـمەن،
قىزىل غۇنچە لېۋىڭنى مەن گۈلگە ئوخشىتاي يارىم.

سېنىڭ دەردىڭ بىلەن قالدىم، باشقىسىنى بىلمەيمەن،
سەدەپتەك چىشلىرىڭنى ھەم دۇرغا ئوخشىتاي يارىم.

ھالقا مىسال زۇلپىڭ بىلەن باغلاپ ئالدىڭ كۆڭلۈمنى،
تارە-تارە چاچلىرىڭنى تالغا ئوخشىتاي يارىم.

سۆزۈڭ شېكەر كەبى تاتلىق، ناز بىلەن ئېيتتىڭ ئۇنى.
ئانار گۈلدەك تىلىڭنى بالغا ئوخشىتاي يارىم.

ساڭا زوقۇمنى ئارتتۇرغان قولغا ياققان خېنەڭدۇر،
دىلى داغلىق شوخ-ئەركىنىنى خالغا ئوخشىتاي يارىم.

1946-يىل.

كوز يېشىم دەريا مىسال، ئاقتىكى دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ،
كىرپىكىم مىسلى قومۇش، ئۇستۇردى ياشىم مەۋج ئۇرۇپ،
ئۇل قومۇش بولدى قەلەم، كوزدە سىيالار مەۋج ئۇرۇپ،
بولدى ئاق قەغەز — كوڭۈل، تولدى شوئارلار مەۋج ئۇرۇپ،
سەن ئوقۇپ كور، مەن يازاي، ئەپسانە بولدۇم سەن ئۈچۈن.

گۈل يۈزۈڭنى كورمىسە ھەسرەتتە قالغاي ئاشىنىڭ،
بىللە سوھبەتلەشمىسە ئارماندا قالغاي سادىقىڭ،
شوخ-ئەركىننى تاپمىساڭ ئاغزىڭدا قالغاي بارمىغىڭ،
ئەيپ ئېرور يار ئالدىدا نومۇسمۇ قىلماي قاچمىغىڭ،
كەل قېشىمغا دىلرابا بىچارە بولدۇم سەن ئۈچۈن.

1946 - يىل.

## شۇنىڭغا ئوخشايدۇ

تولۇن ئايدەك جامالىڭنى كىمگە ئوخشىتاي يارىم؟
قەلەم قاشىڭ قاراسىنى تۇنگە ئوخشىتاي يارىم.

سېنى كورسەم ئۇنۇتقايمەن تامامى ئەقلى-ھۇشۇمنى،
كۆلۈپ تۇرغان ئۇزارىڭنى كۈنگە ئوخشىتاي يارىم.

مەن تارتقان ئازاپلارنى ھېچكىمگە يولۇقتۇرما!
ئەمدى سەن ماڭا بول كۆن سايەڭنى ھۇما① ئەيلە!

ۋەسلىڭگە يېتىشمەكنى ئەيلىدىم مۇرات ئالى،
باشقىغا كوڭۇل بەرمەي ئۈزەڭنى راۋا ئەيلە!

سەن كەبى پەرى ھەرگىز جەننەتتە تېپىلمايدۇ،
يار يولىدا شوخ-ئەركىن قەلەمنى ھاسا ئەيلە!

1946-يىل.

# يارنىڭ مەيلىمۇ؟

ھور كەبى زوھرا ماڭا دىلدار يار جانان بولۇر،
ھەر كېچە يورۇتقىلى كۆلبىمگە تابان بولۇر.

ھوسنى گۈل يارىمنى مەن ھەر زامان ياد ئەيلىدىم،
جىلۋىسى بىدارىمغا، شوخلۇغى پەرمان بولۇر.

① ھۇما — رىۋايەتلەردىكى قانىتىنى يايسا نەچچە مىڭ گەز يەرگە سايىسى چۈشىدىغان قۇش.

# گۈل ئۈزارىمغا!

كۆلكەڭگە ئىشەنمەيمەن، ۋەدەڭگە ۋاپا ئەيلە!
يۈرىگىم جاراھەتلىك، بۈگۈن سەن داۋا ئەيلە!

سېنى دەپ گادا بولدۇم، سەن ياردىن جۇدا بولدۇم،
راھەتتىن ئادا بولدۇم، غەيرىگە جاپا ئەيلە!

دەردىڭنى تولا تارتىپ ئەھۋالىم خاراپلاشتى،
بۇ تەندە مادارىم يوق، شەپقەتتىن شىپا ئەيلە!

سارغىيىپ سامان يەڭلىغ، يىغلايمەن كېچە-كۈندۈز،
رەھمىڭ كەلمىسە يارىم، قەددىمنى دۇتار ئەيلە!

ئەزەلدىن ئىكەن بەختىم قاپ-قارا كومۇر ئوخشاش،
ئىجاۋەت قىلۇر دەمسەن، تەڭرىگە دۇئا ئەيلە!

بولمىسا ساڭا كوڭلۇم، ئۆلتىجا قىلۇرمەنمۇ؟
مېنىڭدەك سىيا دىلغا مەيلىڭنى زىيا ئەيلە!

مەن كېتەرمەن قەۋرىگە، مەيلىمۇ قالساڭ جېنىم؟!
كىم قالۇر بۇ دۇنيادا؟ ئويلىساڭ پۇشمان بولۇر.

بول ۋاپادار يارىڭغا، كوڭلىنى ئال سۇبھى-شام!
تونۇماي ئوز يارىنى سۇيمىگەن گۇمران بولۇر.

ياخشىلىق ئەيلە گۇلۇم! دىلخەستىگە دىليارى بول!
سۇيسە ئول يار قانغۇدەك شوخ-ئەركىن شادمان بولۇر.

1946-يىل قەشقەر.

# هېيتكادا ئۇچ قىز

## 1

يىتىملار يۇرەر كوچىلاردا خار،
غېرىپلار بىلەن كىمنىڭ كارى بار؟

بىراۋلار ياغلىق پولۇنى يەيدۇ،
ئۇستىگە يېڭى تونلار كىيىدۇ.

بەك ياقار شەلا كوزى ھەمدە ئۇ شېكەر سوزى،
كورگىنىمدە ئېچىلىپ دىل يېرى بوستان بولۇر.

كويگىنىم جەزمەن تۇرۇر، كويمىگى يالغان ماڭا،
ئەسلى كويگەن بولسا يار، بۇ كوڭۇل مەردان تۇرۇر.

ئاشىغى تاھىر ئۇزۇم، يار ئۇچۇن يىغلار كوزۇم،
جان كېرەك بولسا ئاڭا، مىڭ جېنىم قۇربان بولۇر.

خەستە ھال بولدۇم نىتەي، يار ماڭا رەھىم ئەتمىدى،
سورىسىلەر ھالىڭ نىچۇك؟ بىر قېتىم ئوبدان بولۇر.

ئىلتىپات ئەتسە ماڭا، مېھرىۋان ياخشى ئىدى،
بىر كورۇپ قويسا دىلىم دەردىگە دەرمان بولۇر.

نالە-زارىم تىڭلىماي يۇرسەلەر نادان كەبى،
مەن ئولۇپ كەتسەم شۇ دەم، كوڭلىدە ئارمان بولۇر.

بىلمىگەي ھەسرەتلىرىم، كورمىگەچ جانان بۇگۇن،
باقسىلەر مەن ناتىۋان ھالىغا ھەيران بولۇر.

بىۋاپا جاللات كوزى چۇشسە جىنازام ئۇستىگە،
ئىختىيارسىز يىغلىغاي، ئاخىرى ۋەيران بولۇر.

ئالته تەرەپتىن يوللار كېسىلگەن،
ئادەم بىلەن بۇ ھېيتكا بىزەلگەن.

پەشتاق ئالدىدا يىمىش سېتىشار،
غالتەك ئۇ ياندا قاتار يېتىشار.

ماللارنى كورۇپ ئالغۇڭ كېلىدۇ،
نەرقىنى ئاڭلاپ يانغۇڭ كېلىدۇ.

نىمانچە تەڭسىز ئىنسان تۇرمۇشى؟
ئاھ ئۇرماس نىچۇن يوقسۇل سىردىشى؟

**3**

بۇگۇن بۇ ھېيتكا قىزىپ كېتىپتۇ،
زىلچا ـ گىلەملەر يەردە يېتىپتۇ.

پۇلى بار بايلار قىلماقتا سودا،
سودا ئۇستىدە مىكرى ۋە جودا.

ئوتتۇشۇپ تۇرار بىھساپ ئادەم،
دىخان، ھۇنەرۋەن، سودىگەر، خادىم...

خانلار قولىدا ئالتۇن بىلەيزۈك،
بويىنىدا ياقۇت، بارماقتا ئۈزۈك.

باغدا ئۈزىنى يەلپۈپ ئولتۇرار،
مەششاق كەلتۈرۈپ سازلار چالدۇرار.

كۆنلۈگى مەشرەپ، بەلكى ئايدا توي،
ساندۇقتا ئالتۇن، قوتاندا لىق قوي.

بىر كۆلكە ئۈچۈن تىللا چاچىدۇ،
ئىشرەت ئىشىگىنى كەڭرى ئاچىدۇ...

2

ئاڭلاڭ، ئەجەپ ئىش كوردۇم بازاردا،
ھەيرەتتە قالدىم بۇنى يازاردا.

"ھېيتكا" دەيدىكەن ئادەم كوپ جايىنى،
شۇندا ئوتكۈزەر ھېيتنى - ئايەمنى.

بىر ياندا باققال، بىر ياندا ناۋاي،
بىر ياندا مەددا، بىر ياندا كاناي.

پۇل بېرىپ سەندىن قۇتۇلمىغىم تەس،
يوقال كوزۇمدىن سىپىتىق - تېگى پەس!..."

دىدى بايۋەچچە، قوغلىدى قىزنى،
نازۇك، ئاۋايلاپ يوتكىدى ئىزنى.

4

ئۇچ قىزنىڭ بىرى ئون بەش ياشتا بار،
بىرسى ئون، بىرى توققۇزلاردا بار.

چوڭى قوي كوزلۇك، نازۇك، قارا قاش،
سولغۇن مەڭزىنى بويلاپ ئاقار ياش.

ئاق تۇماق كىيگەن ئون ياشلىق قىزچاق،
لېۋى جىمىستە، چىرايى ئاپپاق.

ئۇچىنچى قىزدا چېچەكنىڭ ئىزى،
كىيىمى جۇل - جۇل، ئەما بىر كوزى.

بىلسەم، بۇلارنىڭ ئانىسى يوقكەن،
غەمخور - كويۇملۇك ئاتىسى يوقكەن.

كېتىپ باراتتى بىر كىشى شوُندا،
ئىسمى نامەلۇم، سولتى توندا.

پاكار، قوش ئىڭەك، سېمىز، دوغىلاق،
يۈزى قىپ-قىزىل، توپتەك تومىلاق.

پەيدا بوپقالدى ئۇنىڭ يېنىدا،
ئۈچ مىسكىنە—قىز ئوڭ ۋە سولىدا.

ئىككىسى جىمجىت، بىرى سازادا،
خەيرى-سەدىقە تىلەر بازاردا.

بايغا ئېيتىدۇ: "يۇمىلاق چوڭام،
بىر قەغەز تىلەي، تومىلاق چوڭام.

ئاللانى يادقا ئېلىپ قويسىلا،
بىزگىمۇ نەزەر سېلىپ قويسىلا.

سىلىدەك بايغا خۇدايىم بېرەر،
خۇدا ئەلچىسى—پەيغەمبەر يولەر..."

"بىرنىڭگە بەرسەم، مانا ئىككىنچىك،
بەرسەم تۇرسەن قاراپ ئۈچىنچىك.

ياتمايدۇ خەلقىم ئەلەم ـ كۆلپەتتە،
گۆللەيدۇ ئارزۇ، ئىشەن ئەلۋەتتە!...

1947 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

# ئاچچىق كۈنلەر

ئايىناقىلاپ ئۆتىتى مۇتىھەم يىللار،
شاراپنى تۈتتى ئاھۇلۇق كۈنلەر.

بىر مىنۇت ئۇمرۇم غەمسىز ئاقمىدى،
راھەت مېنىڭغا كۆلۈپ باقمىدى.

كوز ئالدىمدا بىر دىل ئازارىم بار...
كوزدە ياشلىرىم دىلدا زارىم بار...

غەملەر كېلىدۇ مەرتلەر بېشىغا،
كىملەر كېلىدۇ دەرتمەن قېشىغا؟

تارتقان جاپالار زەھەردىن ئاچچىق،
قانداق كۈنلەر بۇ تومۇردىن قاتتىق؟...

تۇرار جايى يوق، يە بارار يېرى،
بۇ ئەمەسمىدى ئۇزىنىڭ ئېلى؟!

بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ تاشقا،
يېتىملەرگە يول بارمۇ باشقا!؟

كىملەرگە هايات قەدىرلىك ئەمەس؟
سولۇپ غۇنچىلار بوپ كېتەرمۇ خەس!؟

دىدىم: ئاھ، زامان نىمە ئانچە تار؟
خەلقنى قۇللۇق قىلدى خارۇ-زار!

زۇلۇم تەختىگە ئوتلار يېقىلار!
زەنجىر-كىشەنلەر ئۇرۇپ چېقىلار!

تاڭ ۋەسلى يېقىن، تۈنىڭ ئومرى ئاز،
تۇگەيدۇ جۇت-قىش، كېلەر باهار-ياز.

نۇرىنى باهار ئەلگە چاچىدۇ،
يېتىملەرگە بەخت قۇچاق ئاچىدۇ.

غەمدىن قۇتۇلۇپ غېرىپ-غېرىبە،
تەربىيە تاپۇر يېتىم-يېتىمە.

ئەلەملەر كېچىپ ھەسرەتتە يۈردۈم،
بىر تىرىلدىم ۋە كۈندە مىڭ ئۆلدۈم.

مۇنچە بىمەزە ئاچچىق كۈنلەر بۇ؟
مۇنچە قاراڭغۇ تىلسىز تۈنلەر بۇ؟

بىر كۈن تىكلىنۇر ھورلۇق بايرىغىم!
قات ـ قات ئېچىلۇر گۈللۈك ياپرىغىم!

مىڭ جان تەسەددۇق، يار جامالىڭغا!
ئۈمىت گۈلزارى نۇر جاھانىمغا!

دەرتلەر كېلىدۇ مەرتلەر بېشىغا،
دىلبەر كېلىدۇ دەرتمەن قېشىغا!

1947 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

# كېلىڭ دىلبەر

ــــ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قەشقەرگە كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن.

بىزلەر قوي بولدۇق، زالىملار بورى،
مەرگەنلەرنىڭ قېزىلدى گورى.

دەھشەت ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم ھايات،
ۋەھشەت ئىچىدە ساقلىدىم سۇبات.

ھەر كېچە - كۈندۈز يارنى كۈتىمەن،
يارغا مۇناسىپ ئەشئار پۈتىمەن.

قېنى، بىر كەلگىن، قېشىمغا جانان!
كېلىپ سورىساڭ بۇ ھاللار يامان...

دەرتلەر كېلىدۇ مەرتلەر بېشىغا،
كىملەر كېلىدۇ دەرتمەن قېشىغا؟

يۈرەكلەر زىدە يارنىڭ دەردىدە،
ئاچچىق كۆنلەرنىڭ قانلىق دەۋرىدە.

ئىنساپ قىلمىدى... كوكنار بۇلۇتلار،
ھۆرپەيمەكتە بۇ تال - تال بۇرۇتلار.

سەنىسىز بۇ كۆنلەر ئۆتتى قاراڭغۇ،
بولدى بۇ جاھىل بەك ئالدىراڭغۇ.

زىمىندىن ئېغىر دەردىم بار مېنىڭ...
ئاگلا نىگارىم ئەرزىم بار مېنىڭ...

# باخ ـ باخ...!

ئۇ نازۇك بوينىڭىزغا مەن گىرە سالسام، ئېتىڭ باخ ـ باخ!
قۇچاقنى كەڭ ئېچىڭ يارىم، يۈرەك قانسۇن، ئېتىڭ باخ ـ باخ!

كېزىپ باغنى، قېزىپ تاغنى پەقىر پەرھات كەبى يۈردۈم،
تاپالماي ۋەسلى شىرىننى، بۈگۈن تاپتىم، ئېتىڭ باخ ـ باخ!

مۇھەببەت بىرلە ئۆتكۈزدۈم قارا كۈننى يۇسۇپ ئوخشاش،
زۇلەيخادەك ۋاپا ئەيلەپ مېنى بول كۈن ئېتىڭ باخ ـ باخ!

يۈرەك چوغلە كويۇپ تۇرغاچ ۋۇجۇدۇم "گۇر" قىلىپ ياندى،
ئوچۇرمەككە شۇدۇر چارە: كېلىپ يارىم ئېتىڭ باخ ـ باخ!

سەھەر سالقىن شامالدەك لەتىپ كوكسۈڭ كېلىپ تەگسە،
مۇرادىم ھاسىل ئولغايلەر كېتىپ ئارمان، ئېتىڭ باخ ـ باخ!

جاھان خەلقى گۇۋا بولسۇن، ئەزەلدىن مەن ئەبەت ئاشىق،
مەگەر ئولسەم قالۇر خاكىم، ئېچىلغان گۈل، ئېتىڭ باخ ـ باخ!

ئاغامچا تەييار شۇ بويىنىمىزدا،
ئاچچىق ساۋاقلار بار قويىنىمىزدا.

گۇلزاردا تۇرۇپ ئەركىن يۇرمىدۇق،
شىرىن شەرۋەتنى ئىچىپ كورمىدۇق.

سۇيگەن يارىمىز تېخى كەلمىدى،
قانخور بورىلەر نېرى كەتمىدى.

قان بىلەن زەرداپ ئاقتى كوزلەردىن،
داستان يېزىلدى سىرلىق سوزلەردىن.

ئوقۇپ ئاڭلايسىز كېلىپ دىلبىرىم،
داۋا قىلغايسىز مەجرۇھ يۇرىگىم.

كېلۇر! دەپ ئاڭلاپ، بەكمۇ قۇۋاندىم،
تاڭ نۇرلىرىغا ئەمدى ئورالدىم.

كېلىڭ! سۇيۇملۇك جانىجان دىلبەر!
كېلىڭ! قەدىردان قەھرىمان رەھبەر!

سىزگە شوخ-ئەركىن ساقلىدى ئىززەت!
ئولگۇنچە قىلاي خەلق ئۇچۇن خىزمەت...!

1947-يىل ماي، قەشقەر.

سەيخانىسىنى چوغلاپ كەلتۈرگىنىدە،
ئۆلپەتلىشەر "جوۋا"ــ دەپ مەردانە بەگگى.

ئېيتىپ "مەشرەپ" مۇقامى كەتكەندە ھوشى،
ئىچكەي چىلىم سۈيىنى مەستانە بەگگى.

ھەر يانغا كوز يۈگۈرتەر ئالايغان ھالدا،
كورۇپ قىلىپ چىۋىننى ھەيرانە بەگگى.

يوپۇرماقتەك چىرايى ھىيت مەزگىلىدە،
ئاچ قوساققا كوپ چىكەر "بايۋەچچى" بەگگى.

زوڭ ئولتۇرۇپ كورىدۇر "دەھشەتلىك" چۇشنى،
سوھبەتلىشەر ئاجايىپ ئەپسانە بەگگى.

"ئەھۇ - ئەھۇ - ئەھۇ..." دەپ بىر سائىتىگە،
ئىككى مىڭنى يوتەلگەي بىچارە بەگگى.

كەمستىمگىن شوخ - ئەركىن مىسرالىرىڭدا،
ھىچكىمنى كوزگە ئىلماس شاھانە بەگگى.

1948 - يىل ئىيۇل، قەشقەر.

بىلىك ئۇ گۈل مېنىڭدىن بوي بېرەر سىزگە، قىسارسىزمۇ؟
قىيامەتكە قەدەر ئىشقىم چىچەك ئاتقاي، ئېتىڭ باخ-باخ!

ئاقار قانلار كوزۇمدىن سىزنى دەپ يىغلاپ ياش ئورنىغا،
گۈزەل مەھبۇبى جانىم قىپ ماڭا شەپقەت، ئېتىڭ باخ-باخ!

بۇ باغدا سايرىغان كاككۇك نىچۈن زەينەپنى ياد ئەتمەس؟!
ئېچىلغان گۈل تۇۋىدە بۇ شوخ-ئەركىننى ئېتىڭ باخ-باخ!

1947-يىل قەشقەر.

## بەڭگى

(ساتىرا)

مەدەت تىلەر چىلىمدىن دىۋانە بەڭگى،
كەندىر ئوتى يېقىلسا پەرۋانە بەڭگى.

ئويدە قىلۇر جىدەللەر خۇمارى تۇتسا،
سەپرا مىزاج ئىكەن ئۇ، ۋەيرانە بەڭگى.

ئۆمرۈڭدىن ئۆتتۈق-مۇۋە تىلىسەڭ،
ئەلگە ئىشلەشنى شەرەپ بىلىسەن.

يۇرتنى گۈللىتىش، نۇرغا تولدۇرۇش،
ۋەزىپەڭ بولۇر ئەلنى ئويغۇتۇش.

چۈنكى تەرەققى دەۋرى ئۈشبۇدۇر،
كەلگەن سادالار بۇڭا بەلگىدۇر.

قۇرۇلسا ئەلدە تۇرلۇك سانائەت،
تۇرمۇش خوشاللىق، كۆلگەي جامائەت.

ئاچ كوزۇڭنى ئەل! سۇزۇلمەكتە تاڭ...!
يۇقۇرى بولسۇن توغرا تۇيغۇ-ئاڭ!

يىقىلسا بىركىم يولەش كىرەكتۇر،
بىرلىكتە ئالغا يۇرۇش كىرەكتۇر.

خەلقىمىز دىمەك، بىردەكلا كۇلسۇن،
ياخشى كۇنلەرنى ھەممە تەڭ كورسۇن!

تۇغۇلغان ئىدىڭ ئەلىنىڭ قوينىغا،
يىگىتلىكىڭنى قويغىل ئورنىغا!

## دوستۇمغا

ئىنسان جاھاندا بارلىق ئەلاسى،
كىلىپ كېتىشنىڭ باردۇر مەناسى.

ئۇمرۇڭ گۇل كەبى ئۇسەر كوكۇرەر،
غۇنچە ياپراقلار كۇزدە توكۇلەر.

ھەممىدىن ئۇلۇغ ياشلىقنىڭ قەدرى،
تاغلاردىن ئېغىر قېرىلىق دەردى.

ئەقلىڭنى تاپساڭ، بىلىدىڭ ئوزۇڭنى،
سارغايتماسلىققا تىرىش يۇزۇڭنى!

قۇۋۋەت بار چاغدا قىلىۋال خىزمەت،
خەلققە، ۋەتەنگە كەلتۇر مەنپەئەت!

ئىنسان شۇنىڭچۇن سانىلار ئالى،
قالار شۇنداق زات تارىختا نامى.

تىرىشماق بىرلە مەقسەت بولغۇسى ھەل،
كوڭۇل شاتلانغۇسى ھورلۇك زاماندىن.

ئۈمىتسىزلىك ھالاكەتكە سەۋەپتۇر،
قۇتۇلماس ھېچقاچان شۇملۇق چاياندىن.

تەبىكى كورەلمەس كۈن ئۈمىتسىز،
مىسالى پەرقى يوق دانىسىز ساماندىن.

جامائەت ئورتاسىدا ياخشىلار كوپ،
قىچىگلار دوستلۇرۇم خۇلقى ياماندىن!

بۇ خەلقلەرنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىت بار!
قۇتۇلغايمىز بىز ھەم پەسلى خازاندىن!

دىمەك: بىزگە داۋام بىرلىك كېرەكتۇر،
مۇھەببەت باغلا ئەلگە، قال ياڭغاندىن!

شوخ-ئەركىن بولمىسا گوش بىرلە ياغىڭ،
تېپىلماس بىرغىنا لەززەت قازاندىن.

1948-يىل نويابىر، قەشقەر.

ئوز گېلىگىنى دەپ بولمىغىن نامەرت،
هورۇنلۇق بىلەن كەلمەيدۇ ئامەت!

پۇل چىقار يا كۈچ خەلق خىزمىتىگە!
سەن ھەم ئىگە بول ئەل ھۆرمىتىگە!

بولمىساڭ ھەمدەم ئوز خەلقىڭ ئۈچۈن،
ئاشۇ سۈيۈملۈك دولىتىڭ ئۈچۈن.

قەرزىڭنى ئادا قىلمىغان بولدۇڭ —
خەلقىم ئالدىدا نەپرەتكە تولدۇڭ!

كۈننى بىھۇدە ئۈتكۈزسە ياشلار،
كوزدىن قۇيۇلار يامغۇردەك ياشلار...

1948 – يىل 17 – ئىيۇل.

## ئۈمىتسىزگە

ئۈمىت ئۈزمەك نادانلىقتۇر جاھاندىن،
ئۈمىت بولسا ئۈتەلەيسەن داۋاندىن.

ئاشىقلىرىڭنى
شەيدا قىلۇرسەن.

بارچە گۈللەردىن
ئارتۇق سۈيىمەن.
ناز ۋە خۇلقىڭغا
بەكمۇ كۆيىمەن.

نازىنىنلارنىڭ
لېۋىدىن نېپىز،
سېنىڭ لەۋلىرىڭ
تەككۈزسەم ئېغىز.

ئەمما نە قىلاي،
كۈنلەردە بىر كۈن،
قېشىڭدا ئىدىم
ئوي بىلەن نۇرغۇن.

پۈرايمۇ؟ — دىدىم
بىر گۈلۈڭنى مەن.
ئاستا ئۇزاتتىم
باش - قولۇمنى مەن.

## پارچە

بۈگۈن ئۈيقۈدىن
ئويغاندى جاھان،
كۈن - تۈن ئۈزگىرىپ
تۈردۇ زامان.

ياز - كۈزنى سەزمەي...
ئۈخلاپلا ياتقان —
ھورۇن ئادەمنىڭ
ھالى بەك يامان.

1949 - يىل ماي، قەشقەر.

## چىمەنگە خىتاپ

ئۆزەڭ چىرايلىق،
بىر گۈل بولۇرسەن.

كىم پۇرار بولسا،
قادالماقچى بۇ.

گۈل بىلەن بىزنىڭ
ئوتتۇرىمىزدا —
تىكەنــدىن بولەك
رەقىپــمۇ يوق-تە.

چۈنكى باغ بىزنىڭ،
گۈل ئوستۇرگەن بىز.
چىمەن ئاستىغا
سۇ كەلتۇرگەن بىز.

"سۇ ئىلىپ كەلگەن
شۈنچىلىك خارمۇ؟
كوزا سۇندۇرغان،
ئەزىز بولارمۇ؟"

قادالسا قولغا
شۇ ياۋۇز تىكەن،
رايىمنى شۈنچە
گۈل تارتىدىكەن.

مەن ئەمەس يالغۇز،
سۆيگەن ئىكەن ئەل.
ئېچىلدۇرۇشقا
باغلاپتىكەن بەل.

سېنىڭ خىيالىڭ
ماڭا باشقىچە.
سۇ ئاقمايدىكەن
لەۋدىن تاشقىچە.

نە بولسا بولسۇن،
سۆيگەن گۈلۈمنى
ئالماقچى بولدۇم،
سۇندۇم قولۇمنى.

ئىختىيارىم گۈل،
شۇ گۈزەل غۇنچە.
تىكەن بار ئىكەن،
پۇراپ ئالغۇچە.

ياپراق تۈۋىگە
يوشۇرۇنغان ئۇ.

تىكەن دەردىدە
دىل رەنجىمىسۇن!

چىن دىلبەر دىگەن
يارنى ئاسرايدۇ،
ھەتتا ئۆلۈمدىن
ئۇنى ساقلايدۇ.

سىرداش ئەمەسمۇ،
دائىم ئىككىمىز.
سېغىنساق ئۇزاق
سوزلەپ كېتىمىز.

تېخى ئۇچىمىدى
يۈرەك داغلىرى،
تېخى كەتمىدى
تىكەن چاغلىرى.

مەنمۇ كۆتىمەن
كېلەر يىل سېنى.
سەنمۇ كۆتەرسەن
قۇچاقلاپ مېنى!

گۈلگە مەن بېرىپ
كۆڭلۈمنى پۈتۈن،
يۈز ئۇرۇمىدىم،
دەرت تارتقان ئۈچۈن.

گۈلنى گۈل بىلدىم،
تىكەننى تىكەن؛
ئوخشىمايدىكەن
دوست ـ دۈشمەن دىگەن.

بىل، چىمەن گۈلۈم،
كۆڭلۈم پاكىزە!
ئىمانىم سۈزۈك،
ۋىجدانىم تازە.

ئېتى گۈل بولسا،
ئاشىق ئەمەسمەن؛
جىغان گۈلنى
سۆيدۈم دىمەسمەن.

تىكەنلىرىڭگە
ئېيت، سانچىلمىسۇن!

بۇ بىرلە چولمۇ
بولۇر گۈلشەنلىك.

دىدىم: بولۇركەن
قۇلۇپ پەرىسى،
باغلارغا باقساڭ
چىچەك ھەرىسى.

ئاھۇ ئۆگەنگەن
تاغ بىلەن تۈزگە،
ھەر بىر گۈزەلنىڭ
لايىغى ئۆزگە.

ھەر جايدا بولسا
گۈزەل خار ئەمەس.
سېنى سۆيمىگەن
گۈزەل يار ئەمەس.

شۇلارنى ئويلاپ
تۇرغان چېغىمدا؛
ئۇچتى پەرۋانە
ئىككى يېقىمدا...

ئۆككىمىز بىللە
ئازات ياشايلى!
ئەل ئۈچۈن يېڭى
ھور باغ ياسايلى!

بۇ مېنىڭ ساڭا
قىلغان خىتاۋىم.
يەنە بىر دىسەم
كەسكىن جاۋاۋىم...

1949 ـ يىل ماي، قەشقەر.

## پەرۋانە

ئۆيۈمدە ئىدىم
قاراڭغۇ بىر چاغ.
يورۇق بولسۇن دەپ،
ياندۇردۇم چىراغ.

چوڭ نېمەت ئىكەن
ئۇشبۇ روشەنلىك.

چىراق يېقىلسا،
قايدىن كېلىسەن؟

سەندە ھەم بارمۇ
ئويۇن ـ كۈلكىلەر؟
ھەمدە يالغانچى—
مەككار تۈلكىلەر؟

بىلەمسەن ئۇزەڭ
چىن ھەقىقەتنى؟
ئەدلى ـ ئادالەت
ھەم ساداقەتنى؟...

كەلدى پەرۋانە
ئالدىغا ئۇچۇپ،
ئېيتتى قەلىمىم
ئۇستىگە قونۇپ:

"قايدا يورۇقلۇق
بولسا، شۇندا مەن.
قاراڭغۇ بىلەن
كېلىشەلمەيمەن.

مەن ئاگا باشتا
دىققەت قىلمىدىم.
هامان شۇ خىيال،
نېرى كەتمىدىم.

پىرىلداپ ئۇچۇپ
كەلدى ئۇ يەنە،
چىراق ئۇستىدە
ئايلاندى ئەنە...

مەن دېدىم: كىچىك —
جانۋار ئىكەنسەن،
دۇرۇسمۇ سوزۇڭ —
ئاشىق دىگەنسەن؟

نىچۇن كۇندۇزى
سېنى كورمەيمىز؟
ئۇۋا - جايىڭنى
پەقەت بىلمەيمىز؟

نىمىلەرنى يەپ،
نە ئىش قىلىسەن؟

سوزلىمەي دىسەم،
يۈرەك سىقىلۇر.

قوي، مۇنداق سوزنى،
مېنى قايناتما!
قارانچۇق قىلىپ —
يەنە ئۇيناتما!

قاراپ تۇر ماڭا،
قىل بىر تاماشا:
مەن كېتەي خوش-خوش...
سەن يۈز مىڭ ياشا!"

دىدى قوزغالدى
قەلەم ئۈستىدىن؛
ئاۋاز چىقمىدى
قەلەم دەستىدىن.

جىم بولۇپ كەتتى
ئويۈمنىڭ ئىچى؛
مەنمۇ قىلمىدىم
بىر پىچى-پىچى...

يورۇقنى كورسەم
جېنىم ياشىرۇر،
يورۇقتا ئولسەم
بەختىم ئاشىدۇر.

ئۇخلايدۇ جانان...
يالغۇز ئويىدە،
سەن مۇندا بولساڭ،
مەن شام تۇۋىدە.

ھاياتىم ئېرۇر
غۇربەت، نادامەت.
نۇرغا چومۇلمەك
ماڭا سائادەت.

پەرۋانە بولغان
نامىمىز بىزنىڭ؛
راستقا جان بېرىش—
شانىمىز بىزنىڭ.

ھەقنى سوزلىسەم
تىلىم كېسىلۇر؛

نۇردىن مۇراتنى
تاپتى ياش جېنى.

سوزنى پەرۋانە
قىلدى ئاغزىدا،
مەقسەتكە يەتتى
چىراق باغرىدا.

مۇراتقا يېتىپ
ئولۇش بىزگە پەرز؛
ئەركىن دەم ئېلىپ
ياشاش بىزگە قەرز.

پەرۋانىدىن مەن
شۇنى ئۇگەندىم،
يېڭى ئىلھامغا
ئەمدى يوگەندىم.

1949 ـ يىل 25 ـ ماي، قەشقەر.

لېكىن پەرۋانە
چىراق يېنىدا،
يالقۇن لەپىلدەپ
يانار ئالدىمدا.

لاچىن كەپتەرگە
ئوزىنى ئۇرغاندەك،
ياكى بىر ئاشىق
يارنى تاپقاندەك،

پەرۋانە ئوتقا
ئوزىنى بىر ئاتتى؛
قانتى كويۇپ،
ئۇچالماي ياتتى.

يەنە "پىر..." قىلدى
چىراققا كەلدى.
يالقۇننى كېچىپ،
جان بەردى— ئولدى.

ئەنە كويمەكتە
پاقىراق تېنى.

بولدی چۈشکەندەك
ئۈستۈمگە بىر خەس.

خەس ئەمەس بەلكى
يانتاق پەم ئەيلەپ،
قولۇم شىلتىدىم،
ئۇ تۇرار لەيلەپ.

قولۇم ئۇنىڭغا
تەگدى ـ تەگمىدى.
بىلسەم ئۇ ماڭا
بويۇن ئەگمىدى!

كوزلىرىم كوكسۇم
ئۈستىگە باقتى.
غەزەپ ئوتلىرى...
كىرپىكىم قاقتى.

مەيدەمدە توقۇز —
بوغۇملۇق چايان،
نەشتەر ئۇرۇشقا
تەيياردۇر شۇ ئان.

# يۈرەك داغلىرى

كوردۇم بۇ يۇرتتا
بەك ئېغىر ئازاپ.
كەلدىم ھاڭرىغان
زۇلۇمغا چىداپ.

تۇغۇلدۇم كورۇك
بۇ تار جاھانغا،
ئۇچرىشىپ قالدىم
يىلان-چايانغا.

قايغۇلۇق بىر كۈن،
شۇنداق بىر كېچە.
خىيال دېڭىزى —
نى كېچە-كېچە...

ئارام ئالماقتا
ئىدىم بىر نەپەس.

ۋەھشى قۇيرۇغۇڭ
زۇلۇم - ئاسارەت.

نىمە ئىستەيسەن
شۇ تۇن كېچىدە؟
ئېزىپ قالدىڭمۇ
شۇملۇق ئىچىدە؟"

قارىسام شۇ چاغ
چايان ئەپتىگە،
نەشتىرى ھازىر
تولغان زەھەرگە.

قويدۇم ئۇنىڭغا
بىر مۇنچە سوئال.
غىڭ - پىڭ قىلمىدى
شۇ چايان سوكال.

سوزۇمنى ئاڭلاپ
رەھىمسىز چايان،
"پاس" ئېتىپ نەشتەر
سالدى شۇ زامان.

ئاچچىقلاپ قايناپ
دىدىم ئۇنىڭغا:
"زۇلۇم سىرتمىغى،
ئىدى بوينۇمدا.

قاپسەنمۇ ئەمدى
مېنى چاقمىغان؟
سەن ئىدىڭ ماڭا
پەقەت ياقمىغان.

سېنىڭدەك نامەرت
ئەمەسمەن ئوزۇم.
بەرھەق - ھەقىقەت
مېنىڭ ھەر سوزۇم.

مەيلى يۈرەككە
نەشتەر سېلىپ كور؛
ئىختىيار قىلساڭ
خەنجەر سېلىپ كور!

نىجىس ئايىغىڭ
بىر ۋابا - ئاپەت.

پىلىك سىلىپ، ياغ
قۇيدۇم چىراققا.

ئەتراپ يورۇدى
كورۇندى دۇشمەن.
ئەمەسمىدىم مەن
ئەزەلدىن ئۇچمەن؟

توختا ئىشەك! — دەپ،
ژىكنى سانچىدىم.
ئىبرەت بولسۇن دەپ،
بىر تامغا ئىلدىم.

1949 - يىل 8 - ئىيۇن، قەشقەر

## تىرىلگەن مۇردا

(بىر ئۇلۇكنىڭ توۋىسى)

تېخى تۇنۇگۇن قەۋرىگە جايلاشقان،
ھىچبىر مادارى-جېنى يوق مۇردا.

زەھەر زەربىدىن
تىترىدى تېنىم؛
دەھشەتلىك دەرتتىن
قىينالدى جېنىم.

ئايمۇ توسالدى،
بولدى قاراڭغۇ.
ئىچكەن چاي ماڭا
بولدى بىر ئاغۇ.

چىراقنى ياقتىم،
باقتىم ھەر تەرەپ؛
(دۈشمەنلەر بىلەن
چېلىشماق شەرەپ!)

قېچىپتۇ چايان
چاققاندىن كېيىن.
دەرتنى ـ ئەلەمنى
ساقايتماق قىيىن.

ئىرادە باغلاپ
قىساس ئالماققا؛

دۇنيانى بىلدىم، ئاڭلىدىم، كۆردۈم،
جاندىن ئايرىلىپ قالدىم ۋاي ئىسىت!...
ئاغدى دېمەڭلار مېنى دوستلۇرۇم!
'كېلىن ئاڭلىسۇن، قىزىم سەن ئىشىت!'

ئۇياتىماقتىمەن قىلغانلىرىمدىن،
ئالەم ئالدىدا ھەم شۇ قەۋرىدە...
توۋا! — دەپ يەنە ياقام تۇتىمەن،
ئۆزەم خىجالەت، كۆڭلۈم سەۋرىدە.

قانچە ۋاقىراپ خىتاپ ئەيلىسەم،
سوز - توۋام مەقبۇل بولماي تۇرىدۇ.
بولماس ئۇخشايدۇ مۇندىن كەتمىسەم،
بەس... مۇشۇ سىزگە، ئىبرەت بولدۇ!"

دېدى - دە قايتا ئاستا ئۈزالدى...
قەۋرە شۇ پېتى جانسىز ۋە جىمجىت.
...پۇشايمانلىرى يېزىلىپ قالدى،
سەن خەلققە ئوبدان خىزمەت قىلىپ كەت!

1949 - يىل 23 - ئىيۇل. قەشقەر.

بىر مەزگىل ئىدى بۇلبۇل سايراشقان،
جانلىنىپ توختار تۇۋەنكى قۇردا:

"ئانچە بىر پۇرسەت ياشناپ دۇنيادا،
ئۆمرۈم ئۆتۈپتۇ، ئەمدى ھالىم شۇ.
كۈن كورۈپ بولماس بىر كۈن زىيادە!
تۇرمۇش مەكتىۋى بەرگەن ساۋاق بۇ.

بۈگۈن دۇنياغا قايتا بىر بارسام،
قىلار ئىشلىرىم، غەيرىتىم تولا.
كوپ ئەمەس يۈز يىل ھاياتقا پاتسام،
ئىسىل خۇلقلەرگە بولاتتىم جورا!

خۇسۇسەن خەلققە يامانلىق قىلىپ،
بىر-بىر رەنجىتىپ چەتكە قاقماستىم.
ئۆزەم نەپىسنى ئەڭ ئالى بىلىپ،
يىلانغا ئوخشاش تىلدا چاقماستىم.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قىلىپ جان پىدا،
نۇرلۇق، كەڭ يولدا چېلىشار ئىدىم،
چۈمۈلىگە ھەم قىلماستىن جاپا،
مەڭگۈ ياشاشقا تىرىشار ئىدىم.

كومپارتىيە باشلامچىمىز، ئىستىقبالىمىز پارلاق!
تىيانشان باغرىغىمۇ قادالدى نۇرانە قىزىل بايراق.

ھەر ياندا ئازاتلىق سازىنى ياڭرىتىمىز تاڭدا،
مېھنەت ئىچىدە چېنىقىپ، غەلىبىسېرى بېسىپ ئالغا!

1949 - يىل 1 - ئوكتەبىر، قەشقەر.

## كىردۇق يېڭى دەۋرگە

قۇياش چىقتى ئۇپۇقتىن،
گۈللەر تىزدۇق ئۇتۇقتىن،
يېڭى ھايات باشلاندى،
قۇتۇلغاچ بىز قۇدۇقتىن.

كۈرەش بىلەن تۇغۇلدۇق،
بىز چېلىشچان ئوغۇلدۇق،
بۈگۈن بىزگە تاڭ ئاتقاچ،
ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇق.

بولدى زامان خەلقچىلىق،
مېھنەتتە ئورتاقچىلىق،

# تاڭ شەرىپىگە

—— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ.

ئالتۇن قەلىمىمدىن يامغۇر كەبى ئىلھام توكۇلۇر،
دوستلىرىمىز خوشال، دۇشمەن بېلى تېزدىن پۇكۇلۇر!

چۈنكى بۈگۈن تاڭدىن خەۋەر ئالدىم، بەكمۇ قۇۋاندىم،
تەشنا بۇ يۈرەك شوخ-شوخ تېپىدۇ، نۇرغا ئۇرالدىم.

توختىدى ئۇزۇندىن بېرى كوزدىن ئاققان يېشىمىز،
ھورلۇككە يېتىشكەچ، ئاسمانغا تاقاشتى بېشىمىز.

كوكتىن سۇپۇرۇپ تاشلاندى قارا بۇلۇتلار.
ھەيدەلدى گورىگە ئىپلاسقىنا خۇنخور قۇرۇتلار،

ئىشچى يەنە دىخان خەلق ئامىسىدىن تۇزدۇق ھوكۇمەت،
"ئومۇمى پۇروگىراما" بەخت-سائادىتىمىزگە ھوججەت!

تاڭ نۇرلىرىنى چاچتى كوممۇنىستلار پارتىيىسى،
جۇڭگونى ئازات قىلدى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى.

ئەر ـ خوتۇن، تېز كېلىڭلار!
يەڭنى ئەمدى تۈرۈڭلار!
كىردۇق يېڭى دەۋرگە،
ھەممە بىردەك يۈرۈڭلار!

1949 ـ يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر.

## شات بوۋاي

ئەتىگەندىلا چىقسام تالاغا،
كەلدى بىر قېرى ئادەم ئالدىمغا.

بىر غېرىچ ئۇسكەن ساقىلى ئاپپاق،
ماڭلايدا قورۇق، سوزلىرى چاقماق.

ئاقساقال دىدى: ــ ئۇكام ئولتۇرۇڭ،
مۇشۇ قەغەزگە پىكرىم تولدۇرۇڭ.

دىدىم: ــ قەيەرگە يازىمىز خەتنى؟
قانداق سوز بىلەن باشلايمىز گەپنى؟

ئىشچى، دېخان بىرلىشىپ،
بىز ئورناتتۇق تېچلىق.

زىننەتلەيمىز تاغلارنى،
بەلكى چول-دەشت، باغلارنى،
تارىخىمىز كوكسىگە
چۇشۇرمەيمىز داغلارنى.

خوشال پۈتۈن خەلقلەر،
ھەتتا ئەركىن بېلىقلەر،
تۈگەر ئەمدى بۇرۇنقى
جەۋرى-زۇلۇم، سېلىقلەر.

كەلدى بۈگۈن ئازاتلىق،
ھەر يان بولۇر ئاۋاتلىق،
يېڭى غەيرەت، يېڭى روھ—
ئورنىتىلغاچ دىل شاتلىق.

يېڭى دۇنيا ياسايمىز!
ھەر دائىم تەڭ ياشايمىز!
غالىبىيەت ئۈستىگە
شانلىق تۇغنى قادايمىز!

تاگدا ئىستىقبال پارلاق بولىدۇ،
بىز ئوخشاش يوقسۇل خەلقلەر كۈلىدۇ!

دەر ئىدىم سىنىڭ روھىڭ ئوستۇرۇپ،
كۆرەش سازىنى ساڭا ئۇگۇتۇپ.

مانا شۇ كۈنلەر كەلدى، ئوغلۇم بىل!
ئەمدى ئىشىڭغا تىرىش، ئادا قىل!

بىز ھەم قىرىدۇق دىمەي ئىشلەيمىز،
سايىنى كورۇپ بەلنى يەشمەيمىز.

يىراقلاشتۇق بىز غەپلەت ئۇيقۇدىن،
خالاس بولغاچقا پۇتكۇل قايغۇدىن.

بىلىم ئىگىلەپ يېڭى قۇرۇلۇشقا،
قەدەم تاشلايمىز يېڭى تۇرمۇشقا.

بىز بۇ پارلاق دەۋر يېڭى ئادىمى،
ھور-ئازات ئەلنىڭ ئىشچان خادىمى.

بۇرۇنقىدەك بىز بايلار قولىدا،
سارغايمايمىز ھىچ بىر بۇردا نانغا.

دىدى: — غۇلجىغا، سالام يوللايمىز،
چەگچى ئوغلۇمغا خۇش خەۋەر! — دەيسىز.

سوزۇمنى ئاۋال سىزگە دەپ بېرەي،
سىز يېزىڭ ئاندىن مەن قاراپ تۇراي:

ئوغلۇم، سالامەت تۇردۇڭمۇ ئۇندا؟
سېنى يادلايمىز مۇندا كۈن-تۈندە.

گومىنداڭدىن بىز مەڭگۈ قۇتۇلدۇق،
ئازاتلىق سەپكە بىزمۇ قوشۇلدۇق.

نىجات تاپتۇق بىز تىنىچلىق بىلەن،
راھەتكە چىقتۇق ئاتقان تاڭ بىلەن.

بۈگۈن قەشقەردە توكۇلمىدى قان،
خۇرسەن بولماقتا شۇڭا ھەر بىر جان.

بىزمۇ ئۇلاشتۇق يېڭى دەۋرگە،
خاتىمە بەردۇق زۇلۇم-جەۋرىگە.

ئوغلۇم، مەن ساڭا كىچىك چېغىڭدا،
ئېيتقانتىم شۇنى باردۇر ئېسىڭدا؟

"قېرى" ــ دەپ مېنى ئىشقا ئالمىدى،
بەزىلەر ئەرزان خىزمەتكە سالدى.

ئوتتۇز يىللىق بىر كەتمەن بار ئىدى،
سەنمۇ بىلىسەن نان تاپار ئىدى.

كۆنلەردە بىر كۈن تازا قىينالدىم،
توڭغان ئۆستەڭگە ئاچلىقتا قالدىم.

كەتمەننى قويدۇم شۇ ئان گورەگە،
گورەكەش ئۇنى ئالدى بىر سەرگە.

بىر ئايدىن كېيىن بارسام ئېيتىدۇ:
"ئانا، بالىسى توققۇز سەر بوپتۇ!"

ئارقامغا ياندىم، كەتمەنمۇ قالدى،
مېھنەتتىن قېلىپ بەل-ئۇچام تالدى.

شۇنداق كۈنلەردە ئاتتى بىزگە تاڭ،
بىزگە ئازاتلىق بەردى كۆكچەنداڭ.

شۇنىڭ ئۈچۈن شات ئاسمان ۋە زېمىن،
شۈكلاشقا خوشنود ياش يىگىت، كېلىن...

يادىڭدا باردۇر قۇل بولغانلىرىڭ؟
قامچا زەربىدىن تولغانغانلىرىڭ؟...

بەگلەر مېنى ھەم نە قىلغان ئىدى؟
"جان ئاتا"ـــ دىسەڭ سېنى ئۇرغانتى.

سىڭلىڭ شۇ بەگلەر ئىلكىدىن ئامانـــ
قالغان ئىدىمۇ؟ بۇ دەرتلەر يامان!

ئاپپاق چاچ ئاناڭ نە ھالدا ئۆلدى؟
بىلەمسەن ئوغلۇم يەر ـ سۇ نە بولدى؟

ئۆزۈڭدىن يېرى كەتمەن كوتۇرۇپ،
ئىشلەۋاتىمەن مەدىكار بولۇپ.

چىقمىدى ئەستىن ئۆتكەن كۈنلىرىم،
سېنى قۇچاقلاپ ياتقان تۈنلىرىم.

نان تىلەپ سېنى چوڭ قىلمىدىمۇ؟
قوينۇمغا سولاپ ئېپ يۈرمىدىمۇ؟

سەن ئۇ يان كەتتىڭ، مەن بۇندا قالدىم،
تۈرلۈك ئەلەمنى ئىچىمگە سالدىم.

ھوقۇقتا ھەممە بولدۇق باراۋەر،
ئىشچى ۋە دىخان ئامراق بۇرادەر.

ئوغلۇم قۇرىمىز زاۋۇت-فابرىكا،
خەۋەر بېرىمەن گۈلباغدىن ساڭا.

ئىشلە زاۋۇتتا كېچە ھەم كۈندۈز،
ئاسسام كورىسەن مېدالىم "يۇلتۇز"...

دىدى شۇ دىخان، مەقسەتنى بىلدىم،
سوزنى مارجاندەك مەن بايان قىلدىم.

1950 - يىل 27 - يانۋار.

## خۇاڭخېغا قاراپ ناخشا ئېيتىمەن

كوڭۈلگە ئىلھام شوخ ئېقىشلىرىڭ،
بېرىدۇ غەيرەت خوش بېقىشلىرىڭ.

ساڭا باغلىدىم چىندىن ئەقىدە،
شەنىڭگە يازدىم شېرىن قەسىدە.

شۇنىڭچۈن خوشال بوۋاق باللار،
شۇڭا كۆلگەندۇر ئاق چاچ ئانىلار.

كۆلمەكتە ئەنە سايدىكى تاشلار،
كۆلمەكتە ئەنە شات قەلەم قاشلار.

ئاقساقاللارنىڭ چېھرى شات ـ ئوچۇق،
خۇددى كۆلگەندەك قىزىرىپ ئۇپۇق.

ئەنە شۇ ئىشچى، دېخانلارمۇ خوش،
موردۇز، تومۇرچى، باپكارلارمۇ خوش.

ياشلار شوخلىنىپ ئويناشماقتادۇر،
تويلارنى ياساپ قايناشماقتادۇر.

باغدا بۇلبۇللار سايرايدۇ خوشال،
گۈللەر يەلپۈنەر چىققاچ شوخ شامال.

توغايلار يېڭى قوشاق تۈزمەكتە،
قالىغاچ كوكتە ئەركىن ئۈزمەكتە.

تۆگدى ئەمدى بىزدە ئېزىلىش!
(مۇشتۇمزورغا تىز چوكۇپ ئېگىلىش...)

زوقلىنىپ مەنمۇ ئىچتىم سۈيۈگىنى،
خۇددى ئاندەك بەردىڭ سۈتۈگىنى.

ئۇركەشلەپ ئاقار سەندە شەرەپ-شان،
ساڭا جۇر بۇگۇن گۈلزار تىيانشان.

شاۋقۇنلىرىڭغا ئاھاڭداش ئۇيغۇر،
ئېيتىدۇ ساڭا دىلدىن تەشەككۇر!

1950-يىل ئاۋغۇست، لەنجۇ.

## كۇرەشچان قىز

مەرت يۇرەك، كۇرەشچان قىز،
ئىرادەڭ زور يېڭىشچان قىز.
ۋەتەنچۇن ئىشلىسەڭ دائىم،
ئۇنۇتماس خەلقىمىز ھەرگىز.

كۇرەشچان پەننى كوپ ئۇگەن،
ئىلىم-پەنگە تىلەكداش بىز.

ئۇزەمنى سورىساڭ، پامىر باغرىدىن،
تونۇۋالغان سەن چالغان ناغرىدىن.

تۇغۇلدۇم سەندىن يىراق شەھەردە—
مەڭگۈلۈك دوستۇڭ گۈزەل قەشقەردە.

شەرەپلىك كۈنلەر قۇچاق ئاچقاندا،
كورۇشتۇق قۇياش نۇرلار چاچقاندا.

ئەركىلەپ مىنى قارشى ئالدىڭ سەن،
مەڭزىڭگە سۈيۈپ قۇچاقلىدىم مەن.

گۈللەر تۇتۇشتى سىكىلەكلىرىڭ،
قوللار بىرىشتى گاڭ بىلەكلىرىڭ.

راۋاپقا تەڭكەش بولدى غىنجەكلەر،
سەھنەڭدە خۇش خۇي كۈلدى چىچەكلەر.

ئىككى يىقىڭدا چىمەنزار بىغىڭ،
ئاسمانغا تۈۋرۈك ليۇپەنشەن تىغىڭ.

سۈيمەن سىنىڭ تۇپراقلىرىڭنى،
كوزۈمگە سۈرتەي ياپراقلىرىڭنى.

قۇياش نۇرلار چاچقاندا،
بۇلبۇل قانات قاققاندا،
ئېچىلماقتا قۇرۇلتاي
بىرلىك چىچەك ئاتقاندا.

ئازات بولدى خەلقىمىز،
خەلق ئۈچۈنلا ئىشلەيمىز،
ئۇلۇغ كومپارتىيىگە
چەكسىز رەھمەت ئوقۇيمىز.

بىزگە ھورلۇك كەلتۈرگەن،
پارلاق كۈنگە يەتكۈزگەن،
ماۋ زېدۇڭغا ھەشقاللا!
بىز بۇ دەۋرگە تەلمۈرگەن.

ئۇتۇقلارغا ئىز سالدۇق،
قولغا قەلەمنى ئالدۇق.
ئىتتىپاقنى چىڭىتىپ،
ئالغا بىز قاراپ ماڭدۇق.

ھەسەل تامدى لەۋزىدىن —
پېك دېخۇەينىڭ ئاغزىدىن،

ۋەتەن ئىقبالىنى كوزلە،
ۋەتەن كۆلمەيدۇ سەن، مەنسىز.

ئۆزەڭنى تاۋلىغىن پەندە،
نىجات تاپايلى ۋەتەندە!

1950 ـ يىل 24 ـ سېنتەبىر، شەن.

## خىيالـلار ھەقىـقەتـكە ئايلاندى!

——عەربىي شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 1 ـ نوۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا بېغىشلايمەن.

ئاسمان پەلەك تاغلاردىن،
گۈللەر ئۇسكەن باغلاردىن،
ئېشىپ كەلدۇق شەنگە
غالىپ بولغاچ زاغلاردىن.

كۈتكەن تېگىمىز ئاتتى،
دىل خوشاللىققا پاتتى،
ئويلاپ يۈرگەن خىياللار
ھەقىقەتكە ئايلاندى!

كورگۈم كېلدۇ ئايدەك يۈزۈڭنى،
ئاڭلىسام دەيمەن تاتلىق سوزۈڭنى.

بېيجىڭ باللىرى سېنىڭدەك ئوماق،
كۈلگۈنچەك ۋە شوخ، كوزلىرى بۇلاق.

قەيەرگە بارسام، يالغۇز قويمىدى،
ئورنۇېلىشىپ زادى تويمىدى.

ئەركىلەپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ،
مەنمۇ سايرىسام كۈلۈپ كېتىدۇ.

چاۋاك چېلىشىپ ئۇزاتتى مېنى،
ئۇنۇتماسمەن گۈل تۇتقان ۋاڭ مېينى.

يېڭى بېيجىڭنىڭ قىز-ئوغۇللىرى
سالام يوللىدى ساڭا شۇ كۈنى.

يىخپيۇەن دەيمەن سېنى ئەسلىسەم،
بېيخەينى كورۇپ، كەتتى ئارمىنىم.

بىرئاز كۈت مېنى، قايتىپ بارىمەن،
ساڭا تاش قوچاق سوغات قىلىمەن.

تازا ئىلھاملاندۇق بىز
كې چۇگېپىڭنىڭ ① سوزىدىن.

يولىمىزدا چىراق بار،
قولىمىزدا ياراق بار،
ئۇستىمىزدە لەپىلدەپ
تۇرغان قىزىل بايراق بار.

ھەل بولماقتا تىلەكلەر،
زوقلانماقتا يۇرەكلەر،
قارارلارنى ئىشلەشكە
تەييار بىزنىڭ بىلەكلەر!

1950 ـ يىل 26 ـ سېنتەبىر، شەن.

## قىزىمغا خەت

سېغىندىم سېنى چىرايلىق قىزىم،
ەختىمىز كۇلدى، كورگىن ئەزىزىم.

---

① كې چۇگېپىڭ ــ ئاتاقلىق شائىر.

خەلقنىڭ نىجات يۇلتۇزى،
خەلق ئازاتلىق ئارمىيە.

ئىشچى، دېخان ئۇستۇرگەن،
كۈچلۈك بىزنىڭ ئارمىيە.
ۋەتەن، خەلق قوغداشقا
ئالغان پۇختا تەربىيە.

پارتىينىڭ بايرىغى
ئاستىغا چىڭ ئۇيۇشتۇق.
ئارمىيە-خەلق بىر نىيەت
قولغا قولنى تۇتۇشتۇق.

1951 - يىل 5 - فېۋرال، قەشقەر.

## مارت كەلدى

مارت كەلدى-باھار كەلدى،
تۇرنىلار قاتار كەلدى.
گۈلباغلاردا، گۈلزاردا
چېچەكلەر ئاتار كەلدى.

بېيجىڭغا كېلىپ شاتلىققا پاتتىم،
ئالتۇندىن قىممەت گوھەرنى تاپتىم.

كۆتۈپ تۇر قىزىم خوشال بارىمەن،
سېنى قولۇمغا ئەتە ئالىمەن.

سەن ئازات كۈندە يانغان چىرىغىم،
سەن مېنىڭ جىگەر باغرىم-يۈرىكىم.

سەن ئەڭ بەختىيار، توكۇلمەس چىچەك،
مىۋە بېرەي دەپ ئۇسۇشۇڭ كېرەك.

ئۇيناپ-كۈلۈپ تۇر قىزىم ئادالەت!
ۋاقتىڭ خۇش بولسۇن، تېنىڭ سالامەت!

1950-يىل 19-ئوكتەبىر، بېيجىڭ.

# شانلىق ئارمىيە

كۈرەشلەردە چىنىققان،
بىزنىڭ شانلىق ئارمىيە.

ھەيۋە قىلىپ قورقىتىپ
پىلىموتنى ياندايدۇ...

ۋاشىنگتون، پارىژدا...
بوزەك ئەمەس ئىشچىلار.
خۇددى ئوقتەك پارتلىدى
دەرتمەن نامايىشچىلار.

ئىشچى-ئەمگەكچى ئاما
دەيدۇ: "بىزدە قورقۇش يوق!
بېشىمىزنى ئېگەلمەس
ئالتۇن-كۇمۇش، زەھەر ئوق!"

ئىش تاشلاشلار ئۇ ياندا،
نامايىشلار بۇ ياندا...
ئىشچىلارغا بەرمەكتە
ئوز ۋىجدانى قوماندا.

قىچقارماقتا ئىشچىلار:
"ھەقسىز ئۇرۇش يوقالسۇن!
بىتچىت بولسۇن تاجاۋۇز،
خەۋپ-خەتەرلەر سوغالسۇن!

قولغا ئالدى چوكانلار
كەتمەن، گۈرجەك، كەكىنى...
كىر قوندۇرماي ساقلايدۇ
ھوقۇقىنى، ئەركىنى!

قىزىپ كەتتى ھەر ياندا
ئاياللارنىڭ بايرىمى؛
تاغ-دەريانى خوش قىلغان
پارتىيىنىڭ بايرىغى.

1951-يىل 8-مارت.

## بىرىنچى ماي

ئوتلۇق يۈرەك باتۇرلار
ئالغا باسار يولىدا.
قايناپ كەتتى نامايىش
قىزىل بايراق قولىدا.

تىرىكتاپلار-قانخورلار
ئىشچىلارنى ئالدايدۇ.

ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ
قۇربانلارنىڭ قانلىرى!

1951 ـ يىل 1 ـ ماي.

# كاززاپ

(ساتىرا)

مەكتەپنى كورۇپ قاچتىم،
ھوشۇقتا كوكۇل ئاچتىم.
دوقمۇشتا كورۇپ قىزنى،
مەيدەمنى يوغان ئاچتىم.

خوتۇن ئالدىم ئالتىنى،
تويلۇقتا بىر پەلتونى؛
ھەر يىلدا بىر ئويلەندىم،
قويۇپ بېرىپ دەلتىنى.

پىشىنغىچە ئۇخلايمەن،
چىمدىساڭمۇ قوپمايمەن؛

بىزگە كېرەك تىنچلىق،
ئەبەدى ھور ئازاتلىق!
بىز ياقلايمىز يېڭىلىق،
نۇرلۇق ھايات، ئاۋاتلىق!

قوزغىلىڭلار ئىشچىلار،
يېڭى دۇنيا قۇرۇشقا،
قەتئى قارشى تۇرىمىز
تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا!"

ئەنە لوندون كوچىسى
شوئارلارغا لىق تولغان.
مىسىر، ئەرەپ، تۈركىيە...
يوقسۇللىرى قوزغالغان.

دېھلى، تېھران قىزلىرى
ئازاتلىقنى سۆيىدۇ.
شانلىق بىرىنچى ماينىڭ
باھارىنى كورىدۇ!

بىرىنچى ماي — ئۇلۇغ كۈن،
مېھنەتكەشلەر بايرىمى.

بەخت قۇياشى نۇرلار چاچماقتا،
كۆرەشتىن تاپتۇق ھەم قەدرىمىزنى.
ياشا ئازاتلىق دەۋرىمىز ياشا!
ياشا بەختىيار خەلقىمىز ياشا!

ئازات، كۆرەشچان ئەمگەكچىلەر بىز.
كۆڭلىمىزدە ۋەتەن مۇھەببىتى بار.
دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم قىلمايمىز،
بەختىمىز شۇڭا مەڭگۈ ساقلىنار.
ياشا ئازاتلىق دەۋرىمىز ياشا!
ياشا بەختىيار خەلقىمىز ياشا!

رەھمەت ئېيتىمىز پارتىيىمىزگە،
مىننەتدارمىز ھور دەۋرىمىزدىن.
ئالقىش ئازاتلىق ئارمىيىمىزگە،
جاندىن-يۈرەكتىن، ساپ قەلبىمىزدىن.

1952-يىل، ئاپرېل.

تام تۇۋىدە يانباشلاپ،
ئېشىجاننى باپلايمەن.

ئىشقا قولۇم بارمايدۇ،
كوزۇم "نەزرە" مارايدۇ؛
نەدە بولسا بىكار نان،
چايناپ چىشىم تالمايدۇ.

تەشۋىق بىلەن خوشام يوق،
ئاڭلاشقىمۇ چولام يوق.
مەددا ئاڭلاپ كەچكىچە،
سوڭگۇچىمنىڭ سولى يوق.

1951 ـ يىل، قەشقەر.

## خوشاللىق كۈنى
(ناخشا تېكىستى)

يېتىشتۇق پارلاق يېڭى هاياتقا،
كوتەردۇق ئىگىز قەددىمىزنى.

# نىشانىغا!

جەڭگە ئاتلانغان غالىپ ئادەملەر
دۈشمەنگە تاۋۇت راسلاۋاتىدۇ.
ئۆمرى قىسقارغان ۋەھشى هايۋانلار
ئىپلاس بېشىنى قاشلاۋاتىدۇ.

خۇدااللىققا قارشى كۈچلەردىن
بىز قۇرۇپ چىقتۇق بۈيۈك بىرلىك سەپ.
قوشۇن توپلىدۇق مېھنەتكەشلەردىن.
كونا تۈزۈمنى يوق قىلىمىز دەپ.

كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدە
چوقۇم ئۇتۇقلۇق ھەر بىر ئىشىمىز.
ھالال مېھنەتنىڭ نەتىجىسىدە
غەمسىز ياشايدۇ ھەر بىر كىشىمىز.

كوز يېشىمىزنى "چاي" دەپ ئىچكەنلەر
نەشتەر راسلالماس ياندۇرۇپ يانا!

# يېڭى جۇڭگو قىزلىرى

كوكۇلدە ھېچ قالمىدى
قايغۇ ـ ئەلەم ئىزلىرى.
ئەمگەك بىلەن تاۋلاندى
يېڭى جۇڭگو قىزلىرى.

باتۇر خەلقنىڭ قىزى بىز،
بىردەك ئالغا باسىمىز.
يۈرەكتە بار كۈچ ـ قۇۋۋەت،
نى تاغلاردىن ئاشىمىز.

ئازاتلىققا ئېرىشتۇق
كومپارتىيە بولغاچقا.
كېلىنك ئايال ۋە ئەرلەر
يېڭى ۋەتەن قۇرۇشقا!

1953 ـ يىل 8 ـ مارت، قەشقەر.

ھاسىل بولۇر مەقسدىمىز،
يار ئۆزۈڭدىن چورگىلەي.

1953 - يىل، فەشقەر.

# تىراكتۇرچى قىز ناخشىسى

(ناخشا تېكستى)

ئىشچى ئاكام زاۋۇتتا
ئىشلەپ بەردى تىراكتۇر.
ناخشا ئېيتىپ ھەيدەيمەن،
ئىشلەشتە بولۇپ باتۇر.

تاڭ سەھەردە گۈگىرتىپ،
كەڭ ئېتىزدا يايرايمەن.
ئىش - ئەمگەكنى قىزىتىپ،
مول ھوسۇلنى چاغلايمەن.

تىراكتۇرنى ھەيدەشكە،
دىخان قىزلىرى خۇشتار.

يېڭى دۇنياغا خوشال كوچكەنلەر
قاراپ ماڭماقتا ئالى نىشانغا!

1953 ـ يىل، قەشقەر.

# گۇل ئارا

(ناخشا تېكىستى)

گۇل ئارا، رەيھان ئارا،
سەيلىتەرمەن باغ ئارا.
يار بىلەن ئويناپ كۇلۇپ،
گۇل تېرەرمەن باغ ئارا.

گۇل ـ چىمەنلەر باغرىدا
سۇيگۇمىز ئاتقاي چېچەك.
مەن شۇ باغدا ئىشلىسەم،
سۇيۇنەر ياردىن يۇرەك.

ئالمىزاردا بىر كورۇپ مەن،
گۇل يۇزىڭدىن ئورگىلەي!

# قىزىم، ساڭا باركاللا!

(ئېيتىشىش)

ئەر: يەم بەر دىسەم ئۇلاققا،
بەرمەي نىمە ئولتۇردۇڭ؟
تۇرۇلۇپتۇ چىرايىڭ،
نىمىگە خاپا بولدۇڭ؟

ئايال: ھىلىقى بېشى چوڭ قىز
بەك ئىچىمنى قايناتتى.
ئاشلىقنى ساتايلى! — دەپ،
مېنى خېلى ئويناتتى.

ئەر: كەتمەننى ئۇزەم چاپقان،
بەرگەن ناننى يەۋەرسۇن!
ساتىدىغان ئاشلىق يوق،
نىمە دىسە دەۋەرسۇن.

ئايال: ئويىمىزدىكى ئاشنى،
كادىرلار ئېلىپ كېتىمىش.

ئۈنۈمنى ئورار چاغدا
تىراكتۇرچىلار ھوشيار.

تىراكتۇرغا مەن ئامراق،
ئېتىزلاردا ھەيدەيمەن.
ئىشلەپچىقىرىش نورمامنى
ئاشۇرۇپ ئورۇنلايمەن.

ئېتىزلىقلار كۈتمەكتە
ماشىنا ـ تىراكتۇرنى.
يېزىلارنى كۈلدۈرۈپ
ياقىمىز ئېلېكتىرنى.

تىراكتۇر بىلەن ئەمدى
بىز ئالارمىز مول ھوسۇل.
خوشاللىقتا توي ياساپ
بىز ئوينايمىز شوخ ئۇسۇل.

1954 ـ يىل يانۋار، قەشقەر.

قىز: (سىرتتىن كىرىپ)
جەھەننەم ئاتا-ئانىلار،
بولمايلى بىز ئاۋارە!
كۈندە ئەھۋال مۇشۇنداق،
ئۈيگە كىرسەم ھەر بارە.

ھۆكۈمەتنىڭ مەقسدى —
كوپچىلىكنى توق قىلىش؛
سېتىۋېلىپ ئاشلىقنى
سانائەتنى ئۇستۇرۇش.

ئايال: توختاپ تۇرغىن ھوي بەڭۋاش،
سەن نىمىنى بىلەتتىڭ؟
داداڭ كەتمەن چاپقاندا،
سەن "تاش تەمەك" ئويناتتىڭ.

مۇئەللىملەر سەن شۇمغا —
نەسىھەت قىل دىگەنمۇ؟
ئاش سات! — دىگەن كىشلەر
ساڭا كىيىم بەرگەنمۇ؟

ئاشلىق ئالسا ھوكۇمەت،
بىزدىن ئەرزان ئالىدۇ.

ئورنغا كومۇپ قويساق،
دۇربۇن بىلەن تەكشۈرۈمىش.

ئەر: قازناققا بېسىپ قويساق،
كادىرلار تاپالمايدۇ.
چاپلىشۋەتسەك ئىشكنى،
پەرق ئېتىپ ئاچالمايدۇ.

ئايال: رەۋەندىنى قىچقىرىپ
سېتىۋېتىلى ئاشنى!
كىم كىرسە يىمەك يوق دەپ،
بىز ساقايتىلى باشنى!

ئەر: قاراڭغۇ بازار قىلساق،
تۇتۇۋالىدۇ بىركىم.
چاپلىشۋەتسەك بولمامدۇ،
تۇيماي قالىدۇ ھېچكىم.

ئەككە زەمبىل، كەتمەننى،
تېز چاپلايلى لاي ئېتىپ،
بىر كىشى كىرىپ كورسە،
قاراپ قالسۇن ھاڭۋېقىسىپ.

بىزگە ئىشلەپ بېرىدۇ
زاۋۇت ھەر خىل ماشىنا.
ئېغىرچىلىق كەلمەيدۇ
دېخانلارنىڭ بېشىغا.

ئۇي ئاختۇرۇپ كىرمەيدۇ،
ھەممە ئاشنى ئالمايدۇ،
يەر، سۇ بەرگەن پارتىيە
بىزلەرنى ئاچ قويمايدۇ.

كومپارتىيە ھەرگىزمۇ
يالغان سوزنى قىلمايدۇ.
بارلىق ئاشنى سۇپۇرۇپ،
ساڭنى مىخلاپ ئالمايدۇ.

زادى ئوشۇق ئاشلىقنى
بىز بازاردا ساتاتتۇق.
ئوتۇك، چاپان، چىش، كەتمەن...
قىممەت سېتىپ ئالاتتۇق.

ئوشۇق ئاشنى دولەتكە
قىزغىن سېتىپ بېرەيلى.

قىممەت ساتساق باھاردا،
بىزگە پايدا بولامدۇ؟!

قىز: توختاڭ ئانا، جان ئاتا،
دولەت زاۋۇت قۇرماقچى؛
شۇڭا ئوشۇق ئاشلىقنى
بىزدىن سېتىپ ئالماقچى.

بىر ئوي ياساپ چىقىشتا،
كېتەمدۇ ئاش-ئوزۇقلا؟
چىقالامدۇق پۈتتۈرۈپ،
ئاش-نان يەمەي قورۇقلا؟

ئىشچى-كاسىپ، ھۈنەرۋەن
يەيدۇ ھەر كۈن ئاش ھەم نان.
زاۋۇت، فابرىكا قۇرساق،
ياشايمىز توق، پاراۋان.

ئارتۇق ئاشنى ھوكۇمەت
شۇڭا سېتىپ ئالماقچى.
ئىشچى-خەلقنى تەمىنلەپ،
بىزگە بەخت ياراتماقچى.

ئەر: خاپا بولما جان قىزىم،
مانا ئەمدى چۈشەندۇق.
ئوشۇق ئاشنى سىپتىشقا
ئەمدى چوقۇم ئىشەندۇق.

شۇڭا ئارتۇق گۇرۇچتىن
ئالتە يۈز جىڭ ساتىمەن.
رەۋەندى بىپىسمدارنىڭ
سىرلىرىنى ئاچىمەن.

ئالدىنىپتىمەن پۇلغا،
ھىلىگەر بىپىسمدارغا.
ئەمدى ياردەم بېرىمەن
تەشۋىقى ئىشلارغا.

قىزىم مېنى باشلاپ بار،
كادىرلارنىڭ قېشىغا.
مەنمۇ ئۇندەي دوستلارنى
ئارتۇق ئاشنى سىپتىشقا.

ئاتا-ئانا: (بىرلىكتە)
قەلبىڭ قىزىل نۇر ئىكەن،
قىزىم ساڭا بارىكاللا!

پۇلغا مال، سايمان ئېلىپ
مەنپەئەتىنى كورەيلى.

پۇلىمىزغا كوپىراتىپ
ئەرزان بېرىدۇ مالنى.
شەخسى پايدىنى كوزلەپ،
ئىزدىمەيلى بىز باينى.

ئايال: مەن بېرىپتىم مەجلىسكە،
كوپ سوزلەرنى ئاڭلىدىم.
راست دىگەندەك ئوتمۇشىنى
مەنمۇ بىر قۇر ئەسلىدىم.

مەن ئاڭلىغان سوز بىلەن
سېنىڭ گېپىڭ بىر چىقتى.
ئەمدى مېنىڭ كوڭلۇمدىن
قېتىپ قالغان كىر چىقتى.

راستلا ئارتۇق ئاشلىقنى
هوكۇمەتكە ساتايلى.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
تەشكىل بىلەن ماڭايلى.

# كوپىراتىپ قۇردۇق بىز

(قوشاق)

كوپىراتىپ قۇردۇق بىز،
دىللار خوشال ھەر چاغدا.
ئەمگەك قىزغىن قايناىدۇ
ئىتتىزلىقتا ـ گۇلباغدا.

كوپىراتىپ بەك ياخشى،
زېرىكمەيسەن ئىشلىسەڭ.
كىم ئاغزىڭدىن تارتىدۇ،
ئەمگەك قىلىپ چىشلىسەڭ؟

كوپچىلىكنىڭ كۇچى كوپ،
تېرىيدىغان يېرى كوپ.
ھەممە ياخشى ئىشلىسە،
دارامىتى ـ نېنى كوپ.

كوپىراتىپ بىلسىڭىز،
توقچىلىقنىڭ بەلگۇسى.

ساڭا تەربىيە بەرگەن
ئۇستازىڭغا ھەشقاللا!

1954 ـ يىل 24 ـ يانۋار، پاختەكلى.

## باھار

باتۇر شاماللار ئەركىلەتكەندەك
يەلپۈپ ئوتىدۇ سىپكىلەكلەرنى.
خۇش خۇيلۇقتا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر
قارشى ئالىدۇ كېپىنەكلەرنى.

تاغدىن شاقىراپ چۈشكەن سۈزۈك سۇ
كوك مايسىلارنىڭ كىردى قوينىغا.
باغلاردا كاككۇك خوشال سايرايدۇ،
شاخلار مارجاننى ئاستى بوينىغا.

زاۋۇتتا، يولدا، خاڭدا، خاماندا...
شاتلىقتا ئەركىن ناخشا ئېيتىمىز.
مۇندىنمۇ گۈزەل كەلگۈمىز ئۈچۈن
ھالال مېھنەتنى ئىلگىرىلىتىمىز.

1954 ـ يىل 6 ـ ئاپرېل، قەشقەر.

# مايدا

ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ سۇلار،
تاشتىن-تاشقا سەكرەپ ئاقىدۇ.
ياپ-يېشىل ئانار شاخلىرىدا ھەم
كاككۇك سايرىشىپ قانات قاقىدۇ.

قىزىل كۈننىڭ ئالتۇن نۇرىدا،
تاۋلىنىدۇ سۈپ-سۈزۈك ئاسمان.
ئەركىن ئۇچار ئۇيناق كەپتەرلەر
كەڭ ھاۋادا قىلىشىپ جەۋلان.

ئالما چېچەكىدىن مۆلەر
قىزىرىپ "مەنمۇ پىشاي،— دەيدۇ.
ئەمگەك قىلغان باتۇرلار ئۈچۈن
ئېرىق لېۋىگە چۈشەي" دەيدۇ.

پۇراق چاچىدۇ رەڭمۇ-رەڭ گۈل،
ئېدىر بويلاپ ئۇچقاندا شامال.

تۇرمۇشىمىز گۈللەيدۇ
شۇ يول بىلەن كەلگۈسى.

ئىشلىتىمىز ماشىنا —
تىراكتۇر ھەم كومبايىن...
كوڭلىمىزدە ئارمان يوق،
بىزلەر خوشال ئىنتايىن.

كۆنلۈك ئىشنى باھالاپ،
قوندۇرىدۇ دەپتەرگە،
دارامەتنى مۇۋاپىق
تەقسىملەيدۇ ھەركىمگە.

بىز ئومىلىشىپ ئىشلەيمىز،
ئەمگەكتىن زېرىكمەيمىز.
دولەتنىڭ پىلانىنى
ئاشۇرۇپ ئورۇنلايمىز.

بىزگە دائىم ھالاۋەت،
ئوملۇك ئىشتا جامائەت.
ئالدىمىزدا كۈتمەكتە
مۇندىنمۇ چوڭ سائادەت.

1954 ـ يىل، قەشقەر.

غوزىلارنى ئاسرايمىز
سەپسىلىپ چونەكلىكتە.

ئېرىقلارغا سۇ باشلاپ،
ئېتىز قىرىنى قاشلاپ،
قانغۇدەك قويارمىز سۇ،
هورۇنلۇقنى بىز تاشلاپ.

ئەمگەكتە چىنىققان بىز،
كوزلەرگە چېلىققان بىز.
ئىشلەشتە، مال ئاسراشتا
نەمۇنىچى بولغان بىز.

ئۇملۇك مېهنەت قويىنىدا،
بەسلىشىش داۋامىدا،
قېنى يەگدۇق قايسىمىز،
گۈلۈم چۇشۇك مەيدانىغا!

غوزىلار ئېچىلغاندا،
نەغمىلەر چېلىنغاندا،
بىز ئاندىن قىلارمىز توي
مول هوسۇل ئېلىنغاندا.

1955 ـ يىل.

گۈلگە قاراپ زوقلىنار بۇلبۇل،
كەلگەچكە باھار جىمى جان خـوشال.

ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ
بىز كوزلىگەن باھار بىلەن تەڭ.
ھالال مېھنەت قايناۋاتىدۇ —
تەبىەت بىلەن قىلماقتىمىز جەڭ.

1955 - يىل 28 - ئاپرېل.

## غوزىلار ئېچىلغانـدا

(ناخشا تېكىـستى)

شەرتىم بار گۈلۈم سىزگە،
بارمۇ مەيلىڭىز بىزگە؟
مۇسابىقە باشلايمىز
باھاردىن قەدەر كۈزگە،

ئېتىزدا كېۋەزلىكتە،
ئىشلەيمىز چىۋەرلىكتە.

چىشلىۋالدى مەگىزىمنى،
دىڭگايتىپ قۇلاقلىرىنى.

تويدى غاجىلاپ ئۇشكە،
موزايلىق ئىنەك ئاندىن؛
چىشنى ئىچىپ تەخەي —
قاسىدى قوۋۇرغامدىن.

تومۇرۇمغا دەز كەتتى،
بىلىم ئىگىلىپ قالـدى.
پاقالچاق، يوتام، بوينۇم...
جاراھەتكە ئايلاندى.

تۇنۇگۇن چىقىپ بىر قىز
تاڭدى، ئۇرىدى "داكا".
ئاخشىمى كېلىپ بىرسى
مېنى قىلدى چوڭ ناكا.

كەكە بىلەن كوكسۇمنى
"ئاپىراتسىيە" قىلدى.
ئۇھ... تارتىپ ئاران تۇرسام،
پوستۇمنى كورۇك! شىلدى.

## جىرىمغا ئۇۋال

(ساتىرا)

بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە،
تازىمۇ ئوچۇق ئاسمان،
ئېرىق بويىدا كوردۇم —
بىر جىرىمنى غەم باسقان.

جىرىم قېشىغا كەلدىم،
سورىدىم ئۈنىڭدىن هال؛
قايناپ كەتتى شۇ ئاندا
چېچى تىكلىنىشىپ تال - تال: —

"ئاكىجان! جىرىم قويدى،
كوكلىسۇن، كوكەرسۇن! دەپ.
ساقالسىز - كوسا جايلار
قەددىنى كوتەرسۇن! دەپ.

ئېغىلدىن قويۇپ بەردى
كىم - بىركىم ئۇلاقلىرىنى.

# باراڭدا

—— جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 30 يىللىقىغا
بېغىشلايمەن.

## 1

— چىرايىڭىزدىن تونۇيمەن سىزنى،
ئۆتكەن يىلمۇ بىز كورۇشمىدۇقمۇ؟
بىر بىرىمىزگە قېنىشمىغاندەك،
قۇچاقلىشىپ بىز سۆيۈشمىدۇقمۇ؟ —

دىدى ئابلاكام تىكىلگەن چاغدا،
ئاقساقلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ.
ئۇنىڭ كوڭلىدە چەكسىز خوشاللىق
جولا ئۇراتتى جوۋغايىنى قورۇپ.

ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرار ئەنە،...
ماشرەڭ كىيىملىك بىر ھەربى يىگىت.

زادى رەھمى كەلمەستىن
قولۇمنى كېسىپ ئالدى.
ھېيمىناق، چولاق بولدۇم،
يالغۇز بىر شېخىم قالدى."

* * *

ھەر يىلى باھار ـ كۈزدە
كوچەت تىكىمىز ھەممە.
ئاسراش كېرەك ئۇندىغۇ!
مال بېقىش بىلەن بىللە.

ۋەتەن بولسا گۈلزارلىق،
ھەممە ياق چىمەنزارلىق.
ياراشامدىغان بىزگە
چىرايلىق، گۈلىستانلىق.

1957 ـ يىل 5 ـ مارت، قەشقەر.

شۈنچىلىك قىزىق يېزا ھاياتى،
سەگىپ قالىدۇ كورگەن يۈرەكلەر.
سىلەرگە مەلۇم شۇ ئاقساقالدىمۇ
بار ئىكەن تاغدەك ئىستەك تىلەكلەر.

2

شاتلىنىپ بوۋاي سوزلەيدۇ تىزىپ
قىز بويىندىكى ئۈنچە-مارجاندەك.
شۈنداق بىر چاغدا قىزدىكى سوھبەت،
سېزىلەر گويا بايرام بولغاندەك.

ئابلاكام دەيدۇ: "رەھمەت سىلەرگە،
مەن كوپنى كورگەن قېرى بىر بوۋاي.
خەلققە سىلەردەك ئامراق مېھرىۋان
ئەسكەر بولمىغان، ئومرۇمدە، ئېيتاي...

بىر كۈن ئېتىزغا (ئاران بىر كاندۈك)
سۇ قۈيار ئىدىم توشۈپ قاپاقتا.
بەش ئاتلىق چېرىك ئات بىلەن كىرىپ،
سويما قويمىدى بىرمۇ ساپاقتا.

كوزى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ،
قەلبىدە ئوينار بىر بۈيۈك ئۈمىت.

بەش يېقى شاختىن ياسالغان باراڭ،
تولغان كاۋىنىڭ چىچەكلىرىگە.
سۈت، قايماق، توغاچ ئېلىغلىق يەنە
ئوز مېھمان ئۈچۈن چىلەكلىرىگە.

خۇددى قۇلاققا يېقىنراق كېلىپ
توۋلىغاندەك ساز ئاڭلىنار" لاي-لاي"...
خامان تۇرمۇشى شۇنداق يېقىملىق،
كورۇپ ئېچىلار كوڭلىڭىز ھاي-ھاي.

گۈلنىڭ پۇرىغى ئۇرۇپ دىماققا،
بېرەر گۈزەللىك ئىسسىق تومۇزغا،
چىلگە، شىبكەشۇن... يېرىپ يىگەندە،
لەززەت بېرىدۇ تىلغا، قوۋۇزغا...

كورۇنىدۇ باراڭ ئىشىگىدىن
ئەنجۇ توشۇغان جۇۋان-چوكانلار.
ئېگىزدا قىزغىن قوش ھەيدىمەكتە
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ياش پەھلىۋانلار.

دىسەم، باستۇرۇپ ئۇردى يوتامغا،
قانغا بويالدى بىر يىرتىق تامبال.

'پىزا' دەپ مېنى تۇكۇرۇپ تىللاپ،
گۇندىخانىغا قويۇشتى سولاپ.
ماغدۇرسىز هالدا ئۆتتىرىۋىدى،
پارچە ئەينەككە چۈشتۇم دومىلاپ.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاران بوشاتتى،
ئانا-باللىق قوينى پارا يەپ.
(خوتۇن سۆڭگۈتقان بەككە، يايىغا..
قوي كەتسە مەيلى، مېنى چىقىسۇن دەپ).

تارتىپ ئېلىنغان قازان-داڭقانلار،
قالمىغان ئۆيدە چوگۈنلىرىمىز.
جاجاڭ، سەيسگە بېرىلىپ بولغان
كىگىز ئۈچۈلۈق، سوپۇنلىرىمىز...

تىلى بىر ئىدى يىلان-چايانىنىڭ،
ئۈستەپ-سورىشىپ بىزنى چاقاتتى،
بىر بانا بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ،
قانىنى شورايتتى، نەشتەر سالاتتى.

'قوغۇن تاپ' دەيدۇ ئۇرۇپ بېشىمغا،
رەھىمسى كەلمەي ئاققان يېشىمغا.
كوپ ـ كوك پىلەكلەر يۇلۇندى ـ ئولدى،
توپا توكۇلدى ئەتكەن ئىشىمغا.

ھۇشۇمنى بىلمەي قالدىم يىقىلىپ،...
بىر چاغ ئويغانسام ئويدە تۇرىمەن.
ۋەقەنى ئۇقسام تازا زەڭ قويۇپ،
يۇرتقا چۇشۇپتۇ ئالۋاڭ يۇز تۇمەن.

ئۇلۇشكۇن ئەردۇق بىر داستىن كىپەك،
تۇنۇگۇن بەرگەن ھەر ئوي ئون تۇخۇم.
بۇگۇنى قويغان بىر جىڭدىن تومۇر،
ئەتىسى چۇشكەن ئات. ئىگەر. توقۇم...

'تومۇر يوق' دىسەك، قاغا تۇمشۇقنى
سۇغۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشكتىن.
زەنجىرلانمىغان ئوي پەرقى نىمە،
تاغنىڭ ئوڭكۇرى ئوخشاش توشۇكتىن.

چىرىك ئۇستىدىن يامۇلغا بېرىپ،
قوغۇننى چارلاپ كورسكىن ئامبال—

سىلەر مىلتىقنى قولارغا ئېلىپ،
دۈشمەندىن بىزنى ئازات قىلدىڭلار.
قىزىل بايراقنى ئېگىزگە قاداپ،
باغدا بىز بىلەن بىللە كۈلدۈڭلار.

ياراقنى تۇتقان ئاشۇ قوللۇڭلار
ئېسىلدى ئاندىن كەتمەن، گۈرجەككە؛
كۈننىڭ نۇرلىرى چۈشتى ئاستىلاپ
قاراڭغۇ ئۇيگە، چولگە، بۇرجەككە.

سىلەر ئېپ كەلگەن ماشىنا بىلەن
ئۇستەڭ چېپىلدى، قېزىلدى قانال.
ئەسىرلەر بويى هايات ئىزى يوق —
چولدە ياشاشقا قىلدىڭلار ئامال.

ئۇپۇقنى بويلاپ كەتكەن بۇ كەڭ دەشت
ئاق ئالتۇن بىلەن بۇغدايلىق دالا.
يېڭى ئۇستەڭدىن ئېچىشدۇ سۇ
بولۇق تېرىلغۇ، بىزنىڭ ئوي يانا.

كورۇپ تۇرىمەن جەڭگە، مېهنەتكە
يەڭ شۇمىدەكلەپ چۈشكىنىڭلارنى.

3

جەۋرى ـ جاپانى تالاي كورگەن بىز،
بىر ـ بىر سوزلىسەم هاڭ ـ تاڭ قالىسىز.
بىزنىڭ شۇ جاننى هازىرقى كۇندە،
'هايانغا قاپتۇ ئابلاكام' ــ دەيسىز.

سىزگە دەيدىغان يەنە بىر سوزۇم:
قاراڭ مانا شۇ تاپ ـ تاقىر چولگە.
سىزگە ئوخشىغان مەرتلەر قولىدا
ئايلاندى بۇگۇن گۇلزار چىمەنگە.

تەكلىماكانغا بىر تۇتاش بۇ چول
بىرەلمەس ئىدى توشقانغا ئوزۇق.
تۇپرىغى تاشلىق، شورلۇق ۋە قۇملۇق،
هايات كورمىگەن بۇ يەردە خوۋلۇق.

يۇرتىنىڭ ئەڭ چېتى بىزنىڭ ئوي ئىدى،
(مۇشۇ چول ماڭا سىرداش دوست ئىدى).
ئېرىقنىڭ سۇيى بىزگە كەلگەندە،...
قۇرۇپ ـ سوغۇلۇپ يوقمۇ بولاتتى.

كۆلۈش - بۆرۈشلەر بولۇپ تۇرىدۇ،
(ھەممىدىن ياخشى شۇنداق بولغىنى) .
ئاكا - ئۇكىدەك ئامراقلاشتۇق بىز،
چۇنكى ئارمىيە خەلقىنىڭ ئوز ئوغلى.

سىزنى كورىمەن بالامدىن چارە،
كەسپىمىز باشقا بولغان بىلەنمۇ.
پېشانىڭىزغا شۇڭا سۇيگەنمەن،
ئەڭنىمىز بولەك، بىردۇر ئارزۇ.

ئېشەكلار سوۋۇپ قالسا قالىدۇ،
ئىشەكلار ھەرگىز سوۋۇپ قالمايدۇ.
ئىشنى پىلاندىن ئاشۇرمىغۇنچە
كوكۇلۇكلار پەقەت ئارام ئالمايدۇ.

ھەرقايسى جەكچى بىردىن ھۇنەرۋەن،
ھېچقايسى كەسپ قېچىپ قۇتۇلماس.
بىرسى ئاگرانوم، بىرسى مېخانىك،
بىرسى پىركازچىك (ھىساپتىن ئازماس) .

تىڭشىغۇچ تۇتقان دوختۇر قىزچاقلار،
پوچتالىيۇنمۇ ئۇچىدۇ قۇشتەك.

نەمۇنىچىلەر، ئىلغارلاردىن ھەم
بولۇپ ھەر ياقتىن پىشقىنىڭلارنى.

سىلەر ئۇستۇرگەن بىر تۇپ كېۋەزدىن
يۈز توقسان بىر تال غوزا بولدى، راس.
كورگىلى بارغان دېخانلار ئېيتتى:
'ھەي... بارىكاللا، بۇ بىزگە ئاساس'...

قۇرۇلغان ئىگىز رەت-رەت بىنالار
ئارمىيە قولى بىلەن دەس تۇرغان.
ئېكىسكۇرسىيە قىلغان چاغلاردا،
شىرىن شەرۋەتكە تولدى دەستۇرخان.

قاقاس جەزىرە بولۇپ گۇلىستان،
'يېڭى باغچە'دە باشلاندى ھايات.
بىزنىڭ ئارمىيە قايانغا بارسا،
گۇللىنىپ شۇ يەر بولىدۇ ئاۋات.

خۇلقى-مىجەزى، ئەخلاقى تۇزۇك،
سەت كورۇنگۇدەك ھىچبىر يېرى يوق.
بەلكى ھەر ياقتىن ئۇلگە بولىدۇ
ئازاتلىق ئارمىيە خىسلىتى ئۇلۇق.

خەلق ھورمىتى ھەم تەشەككۇرى
چېچىلماي تۇرماس ھەر چاغ قېنىدا.

بىزلەرگە شۇنچە ياردەم قىلىپ،
يەنە ھال سوراپ قىپسىز مەرھەمەت.
سىزنى ئۇستۇرگەن كومپارتىيىگە
يۈزمىڭ تەشەككۇر، ھەشقاللا ـ رەھمەت!

ئائىلىمىزگە ــ كوپىراتىپقا،
ھەممە باغلىدى چەكسىز مۇھەببەت.
دېيىشمەكتە: 'بىزمۇ ئىشلەيمىز،
ۋايجان دىمەيمىز كورسەك مۇشەققەت!'

زىددىيەتلەردىن مۇھىم قانچىسى، ــ
ھەل بولۇپ كەتتى، پۈتتى ئاداۋەت.
نارازىلىقلار، ئازايدى گۇمان،
بولدى مۇۋاپىق بۇ يىل دارامەت.

مېھنەتنى ئۇلۇغ، شەرەپ، دەپ بىلىپ،
ئىشقا چىققانلار خېلى كوپساندا.
بۇنىڭ دەلىلى ئوچۇق كورۇندى،
تاغارغا ئۇسۇپ خامان ئالغاندا.

پولات ئاتلارنى چاپتۇرالايدۇ
قاپ ـ قاراگغۇنى قىلىپ كۇمۇشتەك.

4

تېخى تۇنۇگۇن كېلىشىپسىلەر،
ئالتۇن بۇغدايىنى ئوراپ بەردىڭلار.
بىر تال داننىمۇ قېقىۋەتمەستىن،
چۇشكەن باشاقنى بىزگە تەردىڭلار.

بىزنىڭ "ئاۋانگارت" كوپىراتىۋىمىز،
سىلەردىن خۇرسەن، تولا مىننەتدار.
ئىلهاملار ئالدى، ئىشەنچ باغلاشتى
ئىشقا خوشياقماس بەزى دېخانلار.

ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاخشام،
ئازنىخان ئېيتتى يۇرەك سىرىنى:
ئارمىيە بىزگە سايىۋان بولغاچ،
توكتى كورۇڭلار مېهنەت تېرىنى...

خەلق ئۇچۇن دەپ سالـغان بىر ئوغاق،
تاغلارچە شاتلىق قوزغار دىلىدا.

## بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
خۇما كوزلۇك، ئامانيار.
مەگزى قىزىل توغاچتەك،
ئانار يۈزلۈك، ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
باغۋەن ئۇزى، ئامانيار.
كۆزدە پىشقان ئەنجۈردەك،
شېرىن سوزى، ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
باغدا چىمەن، ئامانيار.
ئۈزۈملەرنى ئۈزۈشتە،
خويما چىچەن ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
تولا ساددە، ئامانيار.

كوپچىلىككە كوپ تەگدى دارامەت،
ئاشتى ئۇلارنىڭ مېھنەت ھەۋىسى.
ئازراق خوشاللىق يەتكۈزگەن بولدى،
بەزى بىرلەرگە 'ھەزرەت سەيلىسى'.

ئالدى سىلەردىن ياخشى تەسرات،
بىزنىڭ ئەزالار دوگدە ئېتىزدا.
ئارمىيىمىزنىڭ مەرت، چىۋەرلىگى
مەدھىيىلەنمەكتە ھەر بىر ئېغىزدا.

سېغىنىپ سالام! — دەڭ جەگچىلەرگە،
ھەممىگە تاۋاپ مېنىڭ تىلىمدىن.
بىزنى خوش قىلسا، رەھمەت دىمەستىن
ئاش-نان ئوتەمدۇ مېنىڭ گېلىمدىن؟!

*   *   *

لىگەندە كەلدى پىچىلغان چىلگە،
ئىككى ئادەمنىڭ تەگمەكتە ئاغزى.
ئوتلۇق يۈرەككە تەرجىمان بولۇپ،
مانا يېزىلدى سوزلەرنىڭ ماغزى.

1957 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

# ياخشى يوللار ياسايمىز

نامۇۋاپىق يوللارنى،
تۈزلەپ چوڭقۇر دوڭلەرنى،
ئەركىن سىلىپ قوللارنى،
ياخشى يوللار ياسايمىز.

ئاقۇاش تاغلارنى كېسىپ،
قۇملۇق چوللەرنى كېزىپ،
ئېرىق-ئۇستەڭنى كېچىپ،
ياخشى يوللار ياسايمىز.

قىينچىلىق تارتساق بىز،
پىيادە يول ماڭساق بىز،
تاغدىن ئېگىز روھىمىز،
ياخشى يوللار ياسايمىز.

1959-يىل يانۋار.

خوشال ـ خورام ئىشلەيدۇ
سائادەتتە، ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
ئەجەپ خۇش خۇي، ئامانيار.
مېھنەت بىلەن تاۋلانغاچ،
گۇلدىن خۇش بۇي ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
قوزا باقار، ئامانيار.
خوشاللىغى دەريادەك
تولۇپ ئاقار، ئامانيار.

بەشكېرەمنىڭ قىزلىرى
بوستان چاچلىق، ئامانيار.
بەشكېرەمدە ئۇخشىدى
مېۋە، ئاشلىق، ئامانيار.

1958 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل.

قىزلار ئۇسۇلغا چۈشتى مەيداندا،
بۇ، غالىپ ئەلنىڭ تويى-پەرۋازى.

ھور، ئازات جۇڭگو — مېھرىۋان ئانا،
توھپە-ئىجادىڭ مۇبارەك بولسۇن!
سېنى تەبرىكلەپ بەختىيار ئوغلۇڭ،
بۇگۈن پەشتاقتا ناغرىنى چالسۇن.

1959 - يىل.

# بېيجىڭ خاتىرىلىرى

(سىكىل)

## بېيجىڭغا سالام

بىر كورۇپ كوككە تاقاشقان گۇل بېشىم،
شاتلىغىم سىغماي توكۇلگەن كوز يېشىم.

ئىككى كورمەككە نېسىپ بولدۇم بۇگۇن،
قايتا كورسەم دەپ تىلەيمەن كۇن ۋە تۇن.

# غەلىبە ناغرىسى

مەرتلەر بوشۇگى — سۇيۇملۇك جۇڭگو،
ئەركىن قول سىلىپ ئالغا چامدىدى.
جەڭلەردە قۇچقان شانلىق غەلىبىدىن
خۇش خەۋەر، ناخشا ھەر يان ياڭرىدى.

چاڭجياڭ ئۇركەشلەپ قايناپ تاشماقتا،
بىزدىكى غەيرەت كوكتىن ئاشماقتا.
ھەر بىر قەدەمدە مىڭ خىل موجىزە،
پارتىيە بىرنى باشلاپ ماڭغاچقا.

قىزىل بايراقلىق جەڭگىۋار جۇڭگو
يەنە بەختىبرى سەكرىدى-ئۇچتى.
ۋىيشىڭنى كوككە چىقرىپ ئەنە....
غەلىبىلەرگە غەلىبە قوشتى.

ئۇچار قۇشلارمۇ سايرايدۇ خوشال،
غىجەككە تەڭكەش ئۇنىڭ ئاۋازى.

يەنىمۇ غەيرەت بىلەن تەر تۆكمەن،
ئىجادىيەت قاينىمىغا چوكمەن.

## ئۈچراشقاندا

—— مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 3 ـ قۇرۇلتىيىغا بېغىشلاپ.

ئارىلىق قانچىلىك يىراق بولسىمۇ،
قەلبىمىز شۇنچىلىك يېقىن بىزلەرنىڭ.
دەريالار قوشۇلۇپ بولدى چوڭ دېڭىز،
مېھرىڭىز قوشۇلدى دىلغا سىزلەرنىڭ.

شەنلىك شائىرنىڭ قوشاقلىرىدىن
يۈرەكلەر قانداقمۇ قايناپ تاشمىسۇن؟!
تەيخاڭشەن قىزنىڭ سەھنە سەنئىتى
قانداقمۇ كۆڭۈلنى گۈلدەك ئاچمىسۇن؟!

سۆيۈملۈك ۋەتەننىڭ سەنئەتكارلىرى
ئۈچمەس ئىز سالدىڭلار بۈگۈن قەلبىمگە.
گۈگچەنداك يولىدا ناخشىلار ئېيتىپ،
بىرلىكتە چامدايمىز ئۇلۇغ دەۋرگە.

قولنى كوكسۇمگە ئېلىپ قىلدىم سالام،
سەن سۆيۈپ مەڭزىمگە، ئېيتتىڭ: كەل بالام!

يىخپىيۇەننى سەيلى قىلدۇردۇڭ شۇ چاغ،
گۈللىرىڭدىن خۇش پۇراق ئالدى دىماغ.

سەندە نۇر چاچماقتا بولغان شۇ قۇياش،
تەپتىدىن سولغان گۈلۈم كوتەردى باش.

پېچكە سالدىڭ، سەن ئېرىتتىڭ قىزىتىپ،
تاۋلىنىپ چىقتىم پولاتتەك قىزىقىپ.

سەن سانائەت، مەدىنىيەت مەركىزى،
سەن سائادەت بۇلىغىنىڭ دەل ئوزى.

شۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ تەشنا يۇرەك،
قۇۋۋەت ئالدى، كۆچكە تولدى گاڭ بىلەك.

بارچىنىڭ شاتلىق ساداسى ياڭرىغان،
زوقلىنىپ ناخشاڭنى بىزمۇ ئاڭلىغان.

سېنى گۈللەتمەكتە شانلىق پارتىيەم،
ساڭا خاستۇر پارتىيەم چىن مەدھىيەم.

# بۈگۈن بايرام

(مۇسەللەس)

ئۇرۇمچى شەھرىدە بولدى بۈگۈن شاتلىق بىلەن بايرام،
چېلىپ ناغرا ۋە سۇنايىنى... قىزىپ كەتتى بۇ چوڭ قايىنام،
قوشاق تۈزدۈم ئېلىپ مەنمۇ بۇنىڭدىن شۇنچە زور ئىلھام.

تىيانشان قولىدا تۇتقان چىرايلىق دەستە گۈللەرنى،
پاياندازلار سېلىپ تۇرپان بىزەپتۇ كەگرى يوللارنى،
بەختلىك يېڭى شىنجاڭدا داۋام شۇنداق باھار-كوكلەم.

قېرى-ياش، ئەر-ئايال بىردەك غەزەللەرنى جاراڭلاتقان،
قىزىل بايراقچىلار تۇتقان داقا-دۇمباقنى ياڭراتقان،
ئۇسۇللارغا چۈشۈپ قىزلار ئۇچۇپ ئوينايدۇ شوخ-كوركەم.

تىزىلغان ئىككى قاسناققا تۇمەن مىڭ گۈل مىسال جەڭچى،
شوئارلار توۋلىشىپ تۇرغان ئوقۇغۇچى، ئىشچى، ئەمگەكچى،
مۇبارەكلەش ئۈچۈن شۇ چاغ قىلاتتى دەستە گۈل ئىنئام.

# خوش بېيجىڭ

بىز كەتتۇق،
خوش بېيجىڭ،
يىراق شىنجاڭغا،
پايتەخت خەلقىنىڭ سالامىنى ئېلىپ.
سەن بەرگەن ئۇرۇقنى چاچىمىز كەڭرى،
تىيانشان،
ئالتايغا،
پامىرغا بېرىپ.

سەن قىلدىڭ غەمخورلۇق بىزلەرگە چەكسىز،
سەن ئۈچۈن ھۆرمىتىم يەر شارىدىن زور.
زەيجيەن! — خوش!
بېيجىڭ — سۆيۈملۈك شەھەر،
سېنىڭدىن ھەر نەپەس ئالىمىز ھوزۇر.

چۆللەردە ئۈندۈرۈپ رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر،
چەكسىز مول-ھوسۇلدىن خەۋەر بېرىمىز.
پارتىيە سۆزىنى يۈرەككە تېڭىپ،
بىرلىكتە بىز ئالغا كوكرەك كېرىمىز.

1960 - يىل.

چۈشكۈرۈك تۇتسا ئەگەر ئۇن ئەش قېتىم...
چوڭ كېسەلگە باش ئىشارەتتۇر زۇكام.

ئالدىنى ئالماق كېرەك بولسا كېسەل،
تازىلىق، بىلسەڭ داۋاسىدۇر زۇكام.

1961 - يىل 27 - سېنتەبىر، قەشقەر.

## زەرەپشان بويىدا شەرەپ - شان

دولقۇنلۇق زەرەپشان بۇگۈن باشقىچە،
ئۇركەشلەپ توختىماي ئېقىۋاتىسەن.
سۈپ - سۈزۈك سۈيىڭدىن ئىچكىلى كەلسەم،
مەرھەمەت! — سوزۇڭنى ئېيتىۋاتىسەن.

بويۇڭدا ئولتۇرۇپ سازىمنى چالسام،
شاۋقۇنلار كوتىرىپ ناخشا ئېيتىسەن.
ھەر ئېيتقان كۈيىڭدە ئالەمچە شاتلىق —
جۇش ئۇرغاچ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىسەن.

ھەقلىق بىز زەرەپشان، ئېيتايلى يەنە
جەڭگىۋار ناخشىنى تا ئەبەدكىچە.

ئۇلۇغ پارتىيىگە چەكسىز تەشەككۇرلەر بېغىشلايمىز،
تومۇر يولچىنى ئالقىشلاپ سالام، ھورمەتلەر يوللايمىز،
پويىز كەلدى ئۈرۈمچىگە، پۈتۈن شىنجاڭدا زور بايرام.

1960 - يىل، بېيجىڭ — ئۈرۈمچى.

# زۇكام

بارچە كېسەلنىڭ ئاناسىدۇر زۇكام،
تەن سەھەتلىكنىڭ بالاسىدۇر زۇكام.

ئۇچرىدىم بىر كۈن زۇكامغا كەچ بىلەن،
رەنجۇ-كۈلپەت كوپ جاپاسىدۇر زۇكام.

خۇددى مەس بولغان كىشىدەك قىپ-قىزىل —
كوزلىرىم، يۈتكەن قاراغىدۇر زۇكام.

كوز-بۇرۇندىن ياغدى يامغۇر تامچىلار،
كەلتۈرۈپ مىش-مىش مىزاجىدۇر زۇكام.

ئىككى كۈن ئاغرىپ بېشىم، ۋاي-ۋايلىدىم،
ئالتە ياغلىققا سەۋەپچىدۇر زۇكام.

# ئىككى ناخشا*

## توي ناخشىسى

راۋابىم جاراڭلايدۇ،
تارىسى ئالتۇنمىكىن؟
تويىمىز قىزىپ كەتتى،
قەلبىمىز يالقۇنمىكىن؟

ئاسمان بىزنىڭ ھوجرىمىز،
بۇ چول رەڭدار زىلچىمىز.
مېھمان بولسۇن يۇلتۇزلار،
يۇلغۇن، قۇملار دوستىمىز.

ئانار گۇلدەك ئانارخان،
ئوچمەس بىزنىڭ مۇھەببەت،
ئىشقىمىزنى توسالماس
تاغدەك جاپا-مۇشەققەت.

---

* «ئانارخان» دىگەن كىنو فىلىمى ئۇچۇن يېزىلغان.

ئەنە ئۇ مىليونلار ئالقىشلىماقتا،
ئۇزمەستىن ياڭراتقىن سەنمۇ قانغىچە!

سىنىڭ پاك قەلبىڭنى بىلدىم، چۈشەندىم،
ئارمىيەم بەختىم! — دەپ جەۋلان قىلسەن.
بويۇڭدا قۇرۇلغاچ ئۇلۇغۋار گۈلشەن،
قىرغاقتا پاتماستىن ئۇيناپ كېلسەن.

يۈكسىلىش ناخشاڭغا مەزمۇن بولۇپتۇ،
ئاڭلاشقا بۇلبۇللار مەپتۇن بولۇپتۇ.
بۇ باھار قوينۇڭنى بىزەپتۇ گۈلگە،
خۇش پۇراق ھىدىگە مەيدان تولۇپتۇ.

پارتىيە نۇرىنى چاچماقتا ئەنە،
جاراڭلات ناخشاڭنى، ئاۋات زەرەپشان!
ناخشاڭدىن ياڭرىسۇن، قىلسۇن تەنتەنە،
پارتىيەم، ئارمىيەم بەرگەن شەرەپ-شان!

1961 - يىل، سېنتەبىر.

# خوشلاشقاندا

خوش... گۈزەل قەشقەر، مەن چىقتىم يولغا،
ئالدىم سۆيۈملۈك كەتمەننى قولغا.

خوشلاشماقتىمىز سەن بىلەن خۇش خۇي،
كوكسۇمدىكى گۈل چاچماقتا خۇش بۇي —

سەن دىدىڭ: "شۇ گۈل كوكسۇڭدە تۇرسۇن!
يۈرىگىڭ مىھنەت ئىشقىدا يانسۇن!"

بەزىلەر دىدى: "يېزامىدا نۇرغۇن،
سۈت ـ قايماق، قېتىق، يەل ـ يېمىش، قوغۇن..."

بەزىلەر ئېيتتى: "جاپاسى قاتتىق،
ھاۋاسى ياخشى، توپىسى ئاچچىق...".

كەتتىم يېزىغا مۇھەببەت بىلەن،
كۈرەش قىلىمەن مۇشەققەت بىلەن.

## بوز تورغاي

ھاۋادىكى بوز تورغاي
قاشىمغا كېلىپ سايرا!
ئەركىن، شات مېنىڭ قەلبىم،
تورغايدەك خۇشال يايرا!

قانات چىقىرىپ مەنمۇ
كۆككە ئۇچىمەن ئويناپ.
ماڭا سەنمۇ جورا بول،
خۇشاللىق بىلەن سايراپ.

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
ماڭا يولدا ھەمرا بول!
مەن خۇددى سۇۋادانىدەك،
سەن شېخىمدا يايرا-كۈل!

1961-يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

# يېڭى باغدا

(سېكىل)

## شاپتۇل شېخىدا

شاپتۇل شېخىدا كوردۇم
شىشىدەك سۇزۇك شاپتۇل.
بەختى گۇللىگەن باغۋەن
شاپتۇل تۇۋىدە مەشغۇل.

باغۋەن قېشىغا بارسام،
شاپتۇل ئۈزگىنتاي، دەيدۇ.
دوستلارنى خوشال ئەيلەپ،
ياۋنى يىغلىتاي، دەيدۇ.

شاپتۇل شېخىدا باغۋەن
سىلكىندى قاراپ يەرگە.
شاپتۇللارنى قەن قىلغان،
رەھمەت ئاشۇ دىلبەرگە!

مەن كەتتىم قەشقەر، سەنـدىن يىراققا،
پەرۋانە بولۇپ چولگە ـ گۈلباققا.

كەتمىدىم قايماق، سۈت ئىچىش ئۈچۈن،
كەتتىم چوللۇكنى گۈللىتىش ئۈچۈن.

نەدە كوپ بولسا ئېغىر ئىش ـ جاپا،
ئەۋەتكىن مېنى، مىڭ جېنىم پىدا.

قالىغاچ بولۇپ ئۇچۇپ بارىمەن،
تاغدەك جاپانى تىنغـدا يارىمەن.

قۇرۇق ۋەدىنى قىلمايمەن ساڭا،
تۇتقۇزدى قورال پارتىيە ماڭا.

سېغىنسام سېنى، پۈرايمەن گۈلنى،
شۈنداق گۈللەرگە ئورايمەن چولـنى!

مەن كۈرەش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن،
ۋەتەن، خەلقنى دەپ چاپىـمەن كەتمەن.

مەن قىلدىم يۈكسەك چوققىغا سەپەر،
خەير كورۈشكىچە، جانـجان قەشقەر!

1961 ـ يىل 19 ـ ئوكتەبىر.

ئەنجۈرۈم يېڭى باغدا
مول ھوسۇل بېرىپ پىشقىن!
قەھرىمان بولۇپ باغۋەن،
گاڭ مەيدەڭگە گۈل قىسقىن!

## قوغۇن

بەك ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن
بىناملىقتا — ئاق يەردە.
ئۈنچە تەرنى توككەن بىز
قوغۇنلۇقتا — داق يەرگە.

ئوخشايدۇ بىشەكشىرىن
يېڭى چىققان ئاپتاپتا.
ئولكەمدىكى قوغۇنىنىڭ
داڭقى كەتكەن ئەتراپقا.

قوغۇن پىچمەن تاللاپ،
كەڭ-كەڭرى سېلىپ داستىخان.
تەمى يارىدۇ تىلنى،
سۈيىگە ھەسەل قوشقان.

## ئەنجۇر

باغدا پىشتى مەي باغلاپ،
تەمى خۇددى قەن ئەنجۇر.
تاۋلىنىپ كۈلۈپ شاختا،
دىلنى تارتىسەن ئەنجۇر.

دوستۇم بىلەن ئىككىيلەن،
ياپراققا سېنى ئالدۇق.
ئەنجۇرلۇككە تەر تۆككەن —
مەرتتىن ھال سوراپ ياندۇق.

ساپ-سېرىق بولۇپ پىشساڭ،
كىمنىڭ زوقى كەلمەيدۇ؟
چۆل-دەشتلەرنى باغ قىلماي
كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

ئۇغاق تەگسە بۇغدايغا،
ئەنجۇر پىشتىلەر شاختا.
دىخانلارغا رەھمەت — دەپ،
كاككۇك ئېيتىدۇ ناخشا.

سىنى سۆيگەن بىر گۈلۈڭ مەن، كەل يېقىن!
سايرا ئەركىن كەڭ ئېلىمدا بۇلبۇلۇم!

1961 - يىل 3 - ئوكتەبىر، قەشقەر.

## تۇتاي ساڭا گۈل دەستە

(ناخشا تېكىستى)

سىنى دەپ بۇيان كەلدىم،
يۈرىكىڭدە مەن بارمۇ؟
كەتمىنىڭنى چاپىمامسەن،
ئېتىزلىقتا سەن بارمۇ؟

سۈرىتىڭنى - داڭقىڭنى
گېزىتلەردە مەن كوردۇم.
سەن بىلەن شۇ كۈنلەردە
بەسلەشكىلى مەن كەلدىم.

سەن مېنى يېڭىپ چىقساڭ،
تۇتاي ساڭا گۈل دەستە.

ئاقناۋاتنى مەن ئەمدى
بىيجىڭغا قىلاي سوغا.
پايتەخت خەلقىنىڭ ئاغزى
تەگسۇن كوكچى قوغۇنغا.

1961 ـ يىل ئوكتەبىر.

## بۇلبۇلۇم

سايرا تىنماي گۇل شېخىدا بۇلبۇلۇم،
سەن ياراشقان گۇل بېغىمغا بۇلبۇلۇم.

شائىرانە كۇيلىرىڭدىن ئۇرگىلەي،
بەردى ئارام ياش دىلىمغا بۇلبۇلۇم.

سەن كېلىپ قوندۇڭ چىمەنگە تاڭ بىلەن،
غۇنچىلار كۇلگەن چېغىدا بۇلبۇلۇم.

گۇكىرەپ كەلسە بوران بەردىڭ چىداش،
چىن ۋاپا كوردۇم تىلىڭدا... بۇلبۇلۇم.

ئىككى قوللاپ پاختىنى،
تەردى ئوقۇپ ناخشىنى،
ئۇگەندى ھەر ئاخشىمى
ئىلىم-پەننى سارىخان.

ئاياللارنىڭ ماھىرى،
سازەندىسى، شائىرى،
خەلقنىڭ ياخشى كادىرى،
بەشتە ياخشى سارىخان.

تاڭ سەھەردە ئېتىزدا،
ياكى شاللىق-دېڭىزدا،
قوش ھەيدەيدۇ ئېگىزدا...
ئەزىمەتتەك سارىخان.

ئۇستەڭ چېپىپ ھارمايدۇ،
يىگىتلەردىن قالمايدۇ،
ئالغا ئىشىپ قاينايدۇ،
بايراقدار قىز—سارىخان.

گۇڭشېمىزنىڭ قويندا،
دائىم كەتمەن قولىدا،

ئاخشامغا قېتىپ سېنى،
كۈيلەيمەن سەھەر ـ كەچتە.

1961 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر.

## سارىخان

يېڭى باغنىڭ بىر گۈلى،
تاڭ سەھەرنىڭ بۇلبۇلى،
باتۇرلارنىڭ دۇلدۇلى،
شىنجاڭ قىزى — سارىخان.

سارىخان دەپ ئېتى بار،
تام گېزىتتە خېتى بار،
ھەممە ئىشقا دىتى بار،
غۇنچە بويلۇق سارىخان.

بوي بەرمەيدۇ بورانغا،
بوش كەلمەيدۇ ئورامغا،
دۈچكەلسىمۇ قورامغا،
يېڭىپ چىققان سارىخان.

سۈت ئايدىڭدا سۇ تۇتسام،
ماڭا كۈلۈپ باقسەن.
زوقۇڭ كېلىپ ئىشىمغا،
يۈرىكىمگە ياقسەن.

كوكىنىڭ قىزى — تولۇن ئاي،
مېھرىڭ بىلەن كۈلۈپ تۇر!
مەن بارىمەن قوينۇڭغا،
قىزىل تۇغنى كۆتۈپ تۇر!

تەشنا بولسا سۆيۈمگە،
قاندۇرىمەن تولۇن ئاي.
بىزنىڭ باغنى كورگىنە...
ئالما - ئۈرۈك، ساپ بۇغداي....

شۇنى بىلكى، تولۇن ئاي،
شۇنداق باتۇر جۇڭگولۇق!
بىزنىڭ گاڭدەك قول بىلەن
بوستان بولدى يۇلغۇنلۇق.

1961 - يىل 25 - دېكابىر.

پارتىيىنىڭ يولىدا
بەك ئىشلەيدۇ سارىخان.

بىغىمىزغا كويىدۇ،
گۇلىمىزنى سۆيىدۇ،
ئالغا قەدەم قويىدۇ،
ياش قەھرىمان سارىخان.

1961 - يىل 11 - نويابىر.

# تولۇن ئاي

كوك ئاسماندا ناز قىلىپ،
ئەركىن ئۈزگەن تولۇن ئاي.
سەن نىمانچە يېقىملىق،
قاشنى سۈزگەن تولۇن ئاي!

زىبا يۈزۈڭ نۇر بىلەن،
جىلۋىلەرگە تولۇپتۇ.
ئالتۇن قۇياش ئەبەتكە —
چىن ئامرىغىڭ بولۇپتۇ.

(ياندۇرۇش)
گۈللىدى هايات سەندە،
كەڭ باغرىڭدا گۈلشەندە.

1961 ـ يىل 27 ـ دېكابىر، قەشقەر.

## پارتىيە

قەلبىمىزدە هەر سوزۈك
چىچەك ئاتتى، پارتىيە.
سەن بولغاچقا، خەلقىمىز
بەخت تاپتى، پارتىيە.

سەن باشلىغان يول بىلەن
دادىل ئالغا ماڭىمىز.
سېنى ئۇلۇغ پارتىيە
يۈرەكلەرگە تاڭىمىز.

دانا، چىۋەر پارتىيە،
مەڭگۈ سادىق بىز ساڭا،

# گۈزەل ۋەتىنىم

(ناخشا تېكىستى)

سېنى سۆيىمەن دىلدىن
گۈلزارىم ــ گۈلىستانىم.
مەدھىيىلەيدۇ بۇلبۇلدەك،
سېنى ناخشا ــ داستانىم.

گۈل باھاردا گۈل ھوسنۇڭ،
تولدى خۇش پۇراقلارغا.
سېنى كۈيلىگەن ناخشام
ياڭرايدۇ ئۇزاقلاردا.

ھەممىدىن سۆيۈملۈك سەن،
جاندىنمۇ كويۈملۈك سەن.
گۈل بېغىم ــ گۈزەل جۇڭگو،
جەننەتتىن كۆركۈللۈك سەن.

يالتىرايدۇ كۆكسۈڭدە
ئالتۇن يۇلتۇز نۇرسىمان.
بىلىۋالدىم تىيانشان
سەن ئىكەنسەن قەھرىمان.

قارىغايدەك ياشىرىپ،
قەد كۆتىرىپ تۇرىسەن.
پاتقۇزالماي ئىچىڭگە
خۇشاللىقتىن كۈلىسەن.

چۈنكى سېنىڭ قەلبىڭنى
قىزىل نۇرلار قاپلىغان.
سەنمۇ تۈزۈپ سازىڭنى
شوخ ناخشاڭنى باشلىغان.

ئون ئۈچ تۇققان باغرىڭدا،
ئالتۇن كۆۋرۈك سېلىشقان.
كۆزلەپ قىزىل قۇياشنى،
غۇلاچ كېرىپ مېڭىشقان.

گۆھەرلىرىڭ زوق بىلەن
ئىشىكلەردىن ماراشتى.

سىنىڭ غەمخورلۇغىڭغا
رەھمەت دەيمىز دائىما.

1961 - يىل.

## تىيانشان ناخشىلىرى

پەيزىم بىلەن ئولتۇرۇپ،
زەخمىگىمنى تەۋرىتەي.
ناخشام بىلەن چىمەنزار —
تىيانشاننى سەير ئېتەي.

قىزغا ئوخشاش چىكەڭگە،
قىسىۋاپسەن گۈل - چېچەك.
قىز دەي دىسەم، بېشىڭغا
ئارتىۋاپسەن ئاق لېچەك.

يۈزۈڭدىكى قورۇقتىن،
ئوخشىتىمەن مومايغا،
موماي دىسەم ۋە لېكىن
كىيىۋاپسەن پوپايكا.

رەسسام سىزغان سۈرەتتەك،
گۈزەل شۈنچە ئىنتىگىلىك.
باش باھاردا كۈلىدۇ
رەڭگا ـ رەڭ گۈل ـ چىچىگىڭ.

گۈللىرىڭنىڭ بەرگىدە
بۇلبۇل خوشال سايرايدۇ،
ئۇچار قانات ـ قۇشلىرىڭ
ساڭا ھەرگىز تويمايدۇ.

سۈزۈك ياقۇت ئۈزۈملەر
داسقىنىڭدا يالتىرار.
قوغۇنلىرىڭ مېھماننى
تېز كورۈشكە ئالدىرار.

ئالما، ئانار، ئەنجۈرۈڭ...
شۇنداق تاتلىق ھەسەلدىن.
شاختا پىشقان مانتۇ بۇ،
قەن قوشمىغان ئەزەلدىن.

كوز يەتكۈسىز بوغدايزار —
سېنىڭ شانىڭ ـ شەرىپىڭ.

"بىزنى قېزىپ ئېلىڭ!" — دەپ
كۆلۈمسىرەپ قاراشتى.

كوك سارايدا ئويناپدۇ،
سەكرەپ-سەكرەپ كىيىكلەر.
باللىرىنى كەينىگە
سېلىپ بوغا، ئېيىقلەر...

ئۈنتىلىدۇ ئۇچۇشقا
ئاغماقلىرىڭ، تايلىرىڭ.
نېمەتلەرگە شۇنچە باي،
يايلاقلىرىڭ، سايلىرىڭ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك
نۇرغۇن سېمىز قويلىرىڭ...
ھەر كۈن خوشال ئۆتمەكتە
بايراملىرىڭ، تويلىرىڭ.

ئاققان كۈمۈش دەرياسى
ئەسلىتىدۇ ئاسماننى.
بولۇپ يەرگە قان تومۇر،
جانلاندۇردى مەيداننى.

# بۇلبۇل

(باللادا)

— ئازاتلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان بىر ناخشىچىغا بېغىشلايمەن.

## تومۇر قەپەزدە

تاقاشقان نەيزە باشلىق تاغ بۇلۇتقا،
بۇلۇت سوغ سۇ سېپىپ تۇرغان بۇ يۇرتقا.

يېشىل مەخمەل كىيگەن بۇ دەم تەبىئەت،
بېرەتتى گۇل - چىچەك بەرگـلەرگە زىننەت.

سىماپتەك تىترىشەر ياپراقتا يامغۇر،
ئېچىشقان دەل - دەرەخ ھوسنىنى بالدۇر.

چىمەندىن ئۇرسىمۇ خۇش ھىد دىماققا،
لېكىن بۇلبۇل شۇ چاغ چۇشكەن تۇزاققا.

بولدى بۇگۈن پاراۋان
شىمال ـ جەنۇپ... تەرىپىڭ.

قارا ئالتۇن، ئاق ئالتۇن —
ئالتۇنلارنىڭ كانى سەن.
تاڭ بىلەن تەڭ ياڭرىغان
راۋابىمنىڭ تارى سەن.

راۋابىمنى مەن چالاي،
سەن ئۇسۇلغا چۈش بۈگۈن.
چۈنكى ئۇن ئۈچ تۇققاننىڭ
كۆڭلىمىز بەك خوش بۈگۈن.

بولغاچ ئۇلۇغ پارتىيە،
قەددىڭنى تىك كۆتەردىڭ.
دەۋرىمىزدىن نۇر ئېلىپ،
ئاۋات بولدۇڭ، كۆكەردىڭ.

تەيخاڭشەنگە ئەگىشىپ،
كەل باشلايلى ناخشىنى!
ناخشىمىزدا كۈيلەيمىز
كەڭ ئاممىنى ــ ياخشىنى!

1962 ـ يىل 5 ـ يانۋار.

ھۇقۇشلار سالسمۇ باشلارغا كۆلپەت،
بوي ئەگمەي، بولدى بۇلبۇل گۈلگە ئۈلپەت.

## كۈز ئاخشىمى

ئېرىقتا قوغلىشىپ ئوينار كۆمۈشلەر،
بويىدا سايرىشار سازەندە قۇشلەر.

شىلدىرلاپ چۈشمەكتە يەرگە غازاڭلار،
تىپىرلايدۇ رەقىپ — كۆزلۈك سازاڭلار.

قۇياش قويماقتا غەرپكە سوڭ قەدەمنى،
سىزىپ تاغ مەڭزىگە ئەڭلىك قەلەمنى.

كورۈندى سۇ يۈزىدە شولا — بىر ئىز،
تاماشا ئەيلىمەكتە نازىنىن قىز.

تىكىلمەكتە تەبىەت شۇ گۈزەلگە،
قۇلاق سېلىپ گۈزەل ئېيتقان غەزەلگە.

مۇھەببەت يالقۇنى چاچرايدۇ ئۇندىن،
ئۇنىڭ دەردى تولا بىر دوۋە قۇمدىن.

قەپەزنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا ئىشان،
ھۇقۇشلار شات ئىدى، بۇلبۇل پەرىشان.

بوغۇچلانغان ئۇنىڭ ئىككى قاناتى،
ئېغىر كۈلپەتكە تولغان گۇل ھاياتى.

كوزىگە ياش ئېلىپ سايرايدۇ بۇلبۇل:
"ئېچىلدى لالىلەر، باغدا قىزىلگۇل.

سەھەر سايراي دىسەم سالدى قەپەزگە،
مېنى ھىچ قويمىدى ئەركىن نەپەسكە..."

ئىشان ئاڭلاپ شۇ دەم بۇلبۇل سوزىنى،
خۇدا دەرگاھىغا قىلدى يۈزىنى.

"شۇ بۇلبۇلنىڭ، — دىدى، — ئۇنى تۇتۇلسۇن،
پەقەت ئاۋازى چىقماستىن بوغۇلسۇن!"

* * *

قەپەزنى يەرگە ئۇردى شوخ شامالىلار،
قېقىپ بۇلبۇل قانات ئاشتى داۋانلار.

قىزىلگۇلگە قونۇپ سايراپ تۇرار ئۇ،
چىمەنلەر كۈلسە، تەڭ يايراپ كۈلەر ئۇ.

قويۇپ جەينەك شىرەگە بىر ئۇماق قىز،
كىتاپتىن كوزىنى ئۈزمەيدۇ ھەرگىز.

كىتاپتا داھىمىزنىڭ سۈرىتى بار،
ئاڭا قىزنىڭ مۇھەببەت-ھۆرمىتى بار.

خىيال دەرياسىدا ئۈزمەكتە مەغرۇر،
"ئېچىلسۇن بارچە گۈللەر..." ئەلگە مەشھۇر.

قۇيۇلدى ئىشچى، دېخان مېھرى دىلغا،
ۋەتەن مېھنەتنى ماختاپ ئالدى تىلغا.

## سەھنىدە

ھەشەمەتلىك كۇلۇپ ئالدىدا "ئېلان"،
كورۇشمەكتە ئۇنى كوپ ساندا مېھمان.

كۇلۇپقا تولدى ئادەم، بوش ئورۇن يوق،
شائىرنىڭ شېرىدەك رەت-رەت ئورۇندۇق.

ئۇدۇلدا قىپ-قىزىل دۇخاۋا پەردە،
قۇياشنىڭ ئەكسى چۈشكەندەك ئۇ يەرگە.

قازان ياپقانغا ئوخشاش بولدى ئالەم،
پىچىرلايدۇ سۇ بويىدا ئىككى ئادەم...

يىگىت سوزلەيدۇ: "بۇلبۇل، مەن بۇ ئاتقا!
بوزەك بولمايمىز ئەمدى بايغا — ياتقا!..."

شاراقلاپ قالدى سۇلار، ئۇچتى دۇلدۇل،
يېشىل ئورماندا غايىپ بولدى بۇلبۇل...

ئېرىق بويىدا ياندى ئىككى پانۇس،
بىگىز قولىنى چىشلەپ قالدى جاسۇس...

## تاڭ

قىزىلگۈللەرگە رەڭداش يورۇدى شەرق،
قۇياشنىڭ زەر نۇرىغا چومدى ئەل غەرق.

ئۇچقۇق تۇگلۇك بىلەن نۇر چۈشتى ئۆيگە،
ئېسىلغان داھىنىڭ رەسمى تورگە.

شىرە ئۈستىدە تۇرغان لۇڭقىدا گۈل،
تىزىلغان جازىغا دەپتەر، كىتاپ مول.

ئايالار ئەتىر گۈلدەك ياڭزا-ياڭزا،
تۇرار داستاندا مىۋە، گىردە، ساڭزا...

كۆمۈشتەك ئاق چېچى ئىككى موماينىڭ،
ئېچىلغان غۇنچىدەك ئاغزى چوكاننىڭ.

گىلاستەك مونچىغى بار قۇلىغىدا،
مومايلار ئولتۇرار ئىككى يېقىدا.

خوشال چوكان بۇلاقتەك قاينىماقتا،
ئايالار زوقى-شوقتا ئاگىلىماقتا:

"ئۆزاتتىڭلار مېنى ئۈچتۈم ھاۋاغا،
پولات بۈركۈت بىلەن چىقتىم ساماغا.

خوشاللىق تەن-تېنىمگە قالدى سىغماي،
يېتەلمەس ئىدى بىزگە ئۈچسا تورغاي.

گويا شاخماتقا ئوخشايتتى ئىكىن يەر،
خوتەننىڭ زىلچىسىدەك باغ-چىمەنلەر.

خىيالىم قۇشلىرى بېيجىڭغا يەتتى،
تيەنئەنمېن مۇنىبىرىنى شات سەير ئەتتى.

كۈلۈپ ئاپتاپقا ئوخشاش چىقتى بىر قىز،
كېينگەن لالە كوينەك خۇددى قىرمىز.

ئۇنىڭ سايراشلىرى بۇلبۇلغا ئوخشار،
سىياقى باغدىكى بىر گۈلگە ئوخشار.

كۈلۈپ-زال تىترىدى ھەيۋەت جاراڭلاپ،
«پارتىيىنىڭ قىزىمەن» ناخشىسى ياڭراپ.

نوۋەتتە ئېيتتى شۇ قىز «لەيلىگۈل»نى،
شۇ چاغ يۈرەكنىڭ مەيلى تارتتى گۈلنى.

كىشىگە ياخشى ناخشا بەكمۇ راھەت،
بېغىشلار دىلغا ئىلھام، كۈچ-جاسارەت.

ئويۇلدى نەقىش بولۇپ قەلبىگە مۇقامى،
يېڭى مەزمۇن بىلەن تولغان تامامى.

## تەسرات

پىشايۋاندا ئەنە... بىر توپ ئاياللار،
كۈلۈشمەكتە موماي لار، قىز، جۇۋانلار.

ئايالالار كوردى سۈرەتنى شۇ ئاندا،
سېزىشتى ئۇزلىرىنى ھاياجاندا.

دېيىشتى: — رەھبەرلەردىن خاتىرە بۇ،
— بۇ جۇشى،
— بۇ زۇڭلى،...
— ھە، ماۋۇ سەنغۇ!

سىلايدۇ يۈزىنى غۇر-غۇر شوخ شامالالار،
قىمىرلاپ ئەركىلەيدۇ بەرگى تالالار.

كوزۇڭ نۇرىنى تارتار رەڭمۇ-رەڭ گۇل،
شۇ گۇلزار تۇۋىدە ئۇرغۇيدۇ بۇلبۇل.

كوزۇم چۈشتى شۇ چاغ بىر ياش كوچەتكە،
ئۇنىڭ ئاۋازى كەتكەن توت بۇرجەككە.

بولۇپتۇ ناخشىسى دۇتارغا تەڭكەش،
(شۇدۇر ئىجادىيەتتە ئالغا سەكرەش).

قوشۇلدى غەزنىمىزگە تامچا بايلىق،
ئۇنىڭ مەزمۇنى ساغلام، خۇش ئاھاڭلىق.

ئىسمدىن ئالدى جاي قوتلۇق منۇتلار،
دىلىمدا بار ئىسىل ئارزۇ-ئۈمىتلەر.

يېتىپ كەلدۇق خوشاللىقتا بېيجىڭگە،
ياشا ئەي پارتىيەم! دەيمەن ئىچىمدە.

ئۈنىنچى ئاي بىرىدە بولدى بايرام،
ئاجايىپ تەنتەنىگە چومدى قاينام.

مۇنبەر ئارا كوردۇم سەركەردىلەرنى،
خەلققە جان كويەر ئەزىزىلەرنى.

بىر-بىرلەپ ئۇلارغا سالام ئەيلىدىم،
كوڭۇل كۈيلىرىمنى بايان ئەيلىدىم:

'پارتىيەم هور قىلدى بىزنى قەپەزدىن،
تەشەككۇرلەر ياغىدۇ بار ئوغۇل-قىزدىن.

ئېلىپ كەلدىم تارىمنىڭ رەھمىتىنى،
چېكىپ قەشقەر راۋابىنىڭ زەخمىگىنى...'

قەدىردانلار بىلەن چۇشتۇق رەسىمگە،
يۇرەككە بەردى غەيرەت، نۇر كوزۇمگە...»

زەپەر گۈلزارىدىن بىر تال چىچەك بۇ،
يۇرەككە تەسرى كۈچلۈك غىجەك بۇ.

قەدىردان پارتىيىمىز بولدى غەمخور،
شۇ بۇلبۇل تىلىدىن يۈز مىڭ تەشەككۇر.

* * *

يېڭى باغ بۇلبۇلى سەن، سايرا تىنماي!
جاراڭلىق ساز بولۇپ سەن ياڭرا تىنماي!

1962 - يىل ماي.

## ئارزۇيۇم

(ناخشا تېكىستى)

ئېرىقىڭدا سۇ بولسام،
باغلىرىڭغا ئاقسام مەن.
يېشىل مايسىلىقلارغا
كوكرىكىمنى ياقسام مەن.

ئېلىپ خەلق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرىنى،
ياراتتى ناخشىلارنىڭ گەۋھىرىنى.

كوچەتكە پارتىيە بەرگەچكە ئىلھام
يېڭى ئاھاڭنى قىلدى سوغا ـ ئىنئام.

## خەلقنىڭ باھاسى

دىدى فابرىكىدا ئىشلەيدىغان ياش:
"شۇ بۇلبۇل ناخشىسى بولدى ماڭا ئاش".

دىدى دىخان يىگىت قادىرجان ئاتلىق:
"بۇ قىزنىڭ ناخشىسى قەندىنمۇ تاتلىق".

شۇڭا دەيمىز ئۇنى "بۇلبۇل" داۋامەت،
بۇ نامنى بەردى ئەمگەكچى جامائەت.

## تەشەككۇر

ئازات قەشقەر قىزى قەددىنى رۇسلاپ،
كىرىپ ئالغا قەدەم قويدى دۇرۇسلاپ.

قەپەزدىن چىقتى بۇلبۇل سەھنىمىزگە،
بولۇپ خىزمەتتە ئۇلگە خەلقىمىزگە.

كۈيلىدىڭ زۇلمەت ـ تۈنگە ئوت ئېچىپ،
گۈزەل ۋەتەنىنىڭ ھورلۇگى ئۈچۈن.
ھەر دىلغا ئۇچمەس مىسرالار چېچىپ،
قۇربان بولدۇڭ سەن ئەل بەختى ئۈچۈن.

پارتىيە بىلەن كۈلدى دەۋرىمىز،
ئاشتى ئەمەلگە سېنىڭ تىلىگىڭ.
نۇرلارغا چومۇپ، تولدى چېچەككە،
سەن مەڭگۈ سۆيگەن قەھرىمان ئېلىڭ.

ئازات زامانىنىڭ يېمىشلىرىدىن
بولالمىدىڭ سەن بىزدەك بەھرىمەن.
ئەمما دوستلىرىڭ ئۆز ئىشلىرىدىن —
قىلماقتا سېنىڭ روھىڭنى خۇرسەن.

بولسا كىم ئانا ۋەتەنگە سادىق،
پاقىراپ تۇرار نامى ئالتۇندەك.
خۇددى سېنىڭدەك ھورمەتكە لايىق،
ئۆچمەيدۇ مېھرى دىلدا يالقۇندەك.

ياق، سەن ئۆلمىدىڭ سۆيۈملۈك شائىر،
ياشايسەن ھامان مىليونلار بىلەن.

مايسلار يېتىلسە ھەم،
ئاشلىقلىرى تاغ بولسا.
گۈلدەك ئېچىلار كوڭلۇم،
چول ـ دەشتلەرمۇ باغ بولسا.

دوستلار بىلەن گۈل تەرسەم،
غۇنچىدەك ئېچىلسام مەن.
يۈرىكىمدە ئارمان يوق،
ناخشاڭغا قېتىلسام مەن.

1962 ـ يىل 15 ـ سېنتەبىر، قەشقەر.

## سەن ئۇلمدىڭ

ــــل. مۇتەللىپكە بېغىشلاپ.

ياق، سەن ئۇلمدىڭ "قاينام ئۇركىشى"،
چۈنكى سەن ئەزىز جۇڭگو شائىرى.
سېنى ئەسلەيدۇ ئەمگەكچى كىشى،
سەن ــ خەلقىمىزنىڭ جەڭچى ماھىرى.

جانان چىنە قوللاردا، شۇڭا خوشال كوڭۇللەر،
تەشەككۇر! دەپ ۋەتەنگە رەھمەت ـ ئالقىش ئېيتىمىز.

1962 ـ يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

## سالام ئۈرۈمچى!

سالام، سۆيۈملۈك گۈزەل ئۈرۈمچى،
سېغىنىپ كەلدىم قۇچىغىڭغا مەن.
ھەسەلدىن شېرىن شەرۋەتلىرىڭنى
ئىچۈرگىن قايناق بۇلىغىڭدا سەن.

ئۈندى قەلبىمىنىڭ دالالىرىدا
قىزىل ئۈرۈغۈڭ ــ بەرگەن تەربىيەڭ.
مەن بولدۇم سېنىڭ يېشىل كوچىتىڭ،
ۋەتەنگە سادىق جەسۇر ئەرمىيەڭ.

شۇڭلاشقا تولا سېغىنىپ سېنى،
سوغا ـ سالاملار ئېلىپ كېلىمەن.
سەندە تۇغۇلغان يېڭىلىقلارنى
ئىپتىخار بىلەن كورۈپ كېتىمەن.

يادلايدۇ خەلقىم باتۇر ئوغلىنى،
نامىڭغا ھورمەت بىلدۈرەر ۋەتەن.

1962 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# جانان چىنىدە بېيجىڭ چېيى

(ئۇسۇللۇق ناخشا تېكىستى)

داڭ چىقارغان جاھانغا گۈللۈك جانان چىنىمىز،
يەنە مەشھۇر ئالەمگە ئۇلۇغ بېيجىڭ چېيىمىز.

گۈزەل جانان چىنىدە ماھىرلارنىڭ تېرى بار،
قېنىپ بېيجىڭ چېيىنى ھوزۇرلىنىپ ئىچەمىز.

بېيجىڭ چېيى بەدەنگە كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر ھەر زامان،
قىز ـ يىگىتلەر تويىغا ئۇنى تەقدىم قىلىمىز.

يەر يۈزىدە بارچە خەلق سۆيەر ئۇنى چىن دىلىدىن،
بېيجىڭ چېيى ئەڭ ئېسىل، ئارتتى ھورمەت ـ قەدرىمىز.

ئايدىن يورۇقراق، يۇلتۇزدىنمۇ كوپ،
كۇلگۇنچەك، ئوچۇق چىراقلىرىڭ بار.

ھەر خىل مال بىلەن تولغان ماگىزىن،
ئىچىگە كىرسەڭ گويا بىر گۇلشەن.
ياش ھەم قىرىلار، ئەرلەر، ئاياللار
خىرىدار بولۇپ چىقىدۇ خۇرسەن.

قىرىنداشلىقنىڭ ئۇلگىسى سەندە
باھاردىكىدەك چىچەكلەر ئاتقان.
ھەر بىر چىچەكتە مىللى دوستلۇقنىڭ —
ئالەم مەزمۇنى نۇر چىچىپ ياتقان.

بېيجىڭدىن چىققان پولات كارۋانمۇ
بۇگۇن ئالماقتا بوسۇغاڭدا دەم.
شانلىق ئۇرۇمچى بولۇپ كىتىپسەن
بۇ باش باھارنىڭ نۇرىدا كوركەم.

* * *

سالام، سۇيۇملۇك گۇزەل ئۇرۇمچى،
سىغىنىپ كەلدىم قۇچىغىڭغا مەن.
ھەسەلدىن شىرىن شەرۋەتلىرىڭنى
ئىچۇرگىن يەنە بۇلىغىڭدا سەن.

بوغـدادىن ئىگىز تۇرخۇنلىرىڭغا
تىكىلىپ ئۇزاق، دەيـمەن: تەشەككۇر!
خۇددى ئەينەكتەك سىمونت يولۇڭدا،
يۈرگەچ قىلىمەن شۇنى تەپەككۇر:

بىر چاغلاردا سەن غۇربەتـتە ئىدىڭ،
كوچىلار تولغان دىۋانىلەرگە.
يەتتە قات دوزاق بولغان ئىدىڭ سەن
كۆر مىڭ ئاقكوڭۇل پەرۋانىلەرگە.

ئات قارىنغىچە كېلەتتى پاتقاق،
كوچا-يوللىرىڭ يەگدەك تار ئىدى.
خاڭدا ئىشلىگەن "يېتىمچى باللا" —
ئەمگەكچىلىرىڭ قۇلدەك خار ئىدى.

سەن ئوخشىمايسەن ئوتمۇشكە ئەمدى،
ھەيران قالغۇدەك گۈللەپسەن بۈگۈن.
تېز يۈكسىلىشىنىڭ شۇڭقارى بولۇپ،
شەرەپ-شانىڭىنى نۇرلەپسەن بۈگۈن.

كوككە تاقاشقان ئىمارەتلىرىڭ،
گۈللۈك، باراقسان نۇر باغلىرىڭ بار.

ئايلخان چاقنان بالا،
سۇ بولۇپ ئاقنان بالا.
يىل بويى بەس-بەس بىلەن
كەتمەننى راس چاپقان بالا.

ئايلخان بىر گۈل بولۇپ،
سايرايدىكەن بۇلبۇل بولۇپ.
بىز بىلەن بىر ئىشلىسە،
ھارمايدىكەن دۇلدۇل بولۇپ.

ئايلخان ئىشچان بېشى،
ئىشلەيدۇ بەك يازۇ-قىشى.
چوللەرگە سۇ باشلاپ كېلەر،
ھەيران قالار كورگەن كىشى.

ئايلخان دىخان قىزى،
چاقماق سۇپەت قىلغان سوزى.
ۋەدىگە قىلدى ۋاپا،
بولغاچ ھامان ئىلغار ئوزى.

ئايلخان كوڭلى تازا،
چاپمايدۇ ھىچ بازا-بازا.

كورگەنچە سېنى كورگۇم كېلىدۇ،
ئانار مەگزىڭگە سۇيگۇم كېلىدۇ.
ئۇتتۇقلىرىڭ زور تىيانشان كەبى،
زوقلىنىپ شۇئا كۇلگۇم كېلىدۇ.

ئانا مەكتىۋىم — نۇرلۇق ئۇرۇمچى،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ گۇل - ياپرىغى سەن.
خەلقلەر سۇيگىنى — غالىپ پارتىيەم،
مۇشۇ بوستاننىڭ نۇر بايرىغى سەن.

1962 - يىل 20 - ئوكتەبىر.

## ئايلىخان

(راۋاپ بىلەن ئېيتىلىدىغان قوشاق)

ئايلىخانۇ ئايلىخان،
هەر ئىشتا باتۇر - قەهرىمان.
ئايلىخاننى قېرى - ياش،
ئويدە، ئېتىزدا ماختىغان.

ۋاپادار ئاقكوڭۇل غۇنچە،
ساڭا ئالما قىلاي سوغات.
ئۆزەڭ بۇ باققا سۇ بەرگەچ،
بۇگۈن بولدى يېشىل، ئاۋات.

چىمەنلەر، لالىلەر كۆلگەن
خوشال غۇنچە پورەكلەردىن،
تىيانشان بۇلبۇلى رەھمەت
ئۇقۇر دىلدىن-يۇرەكلەردىن!

1962-يىل.

# كۇئېنلۇن ناخشىلىرى

## 1. خوتەن تەسراتى

يىپەك يۇرتى—خوتەن كەلدىم بېغىڭغا،
قىلىپ تەقدىم سالامىمنى سېنىڭغا.

كۇئېنلۇن باغرىدا بىر گۈل ئېكەنسەن،
ۋەتەن گۈلزارىدا بۇلبۇل ئېكەنسەن.

سۆيدۇ ئەمگەكنى ئۇ،
ئەقلى بار چوكان راسا.

1962 ـ يىل 15 ـ دېكابىر، قەشقەر.

# بېيجىڭ قىزىغا

سېنىڭ ئالتۇن چىرايىڭغا،
چىمەننىڭ بۇلبۇلى خۇشتار.
يۈرەكنىڭ تۆشتىدا مېھرىڭ
چېچەكلەپ بولدى بىر گۈلزار.

سېنى سازىمدا ھەر چاغدا،
مۇھەببەت بىرلە كۈيلەيمەن.
تۇتۇپ قولۇڭنى مۇستەھكەم
گۈزەل بوستاننى كوزلەيمەن.

قىزىلگۈلدىن بوي ئالغانسەن،
شۇڭا مودەنگە ئوخشايسەن.
سېغىنغاچقا مېنى سەنمۇ،
كۆنگە نەچچە يوقلايسەن.

خوتەنىنىڭ كۈندۈزىدەك ئاخشىمىغا،
دىلىم يايراپ قوشۇلدۇم ناخشىسىغا.

قىتىپ ئەمگەكچى باتۇر ياخشىلارنى،
جاراڭلاتتىم كوكۈللۈك ناخشىلارنى.

دىمەككى سەنمۇ خوش شات دەۋرىمىزدىن،
ئۈمىت-ئارزۇيىمىز بىر—قوش مېغىزدىن.

سىنىڭ نامىڭ بىلەن ئېيتار تەشەككۈر،
ئۇلۇغ كومپارتىيە دەۋرگە چوكقۇر!

## 2. ئەسلەش

پىيالما چوللىرىدە كوچمە قۇملار...
كەبى خار ئۆتتى كوپ يىل بارچە قۇللار.

ئۆزەڭمۇ ئۇتمۇشۇڭنى قىل تەسەۋۋۇر،
بۇگۈنكى گۈل هاياتنى قىل تەپەككۇر!

سىنىڭدە بارمىدى زاۋۇت بۇرۇندا؟
كۇلۇپ، مەكتەپ ئېچىلغان قاي ئورۇندا؟...

ساغا تەكلىماكان يانداش غەزىنە،
كېرىپ قەد، بولدى بوستان، چول-جەزىرە.

يۇرۇڭقاش دولقۇنىدىن شوخ ئېقىپسەن،
قۇياشقا كوكرىگىنى كەڭ يېقىپسەن.

سۇزۇك ئوستەڭلىرىڭنى بويلىدىم مەن،
ئۇزۇملۇك باغلىرىڭدا ئوينىدىم مەن.

ئاق ئالتۇن گۇللىرىڭگە چۇشتى مېھرىم،
ئېچىلدى گۇللىرىڭدەك ئەقلى-پىكرىم.

يىپەكچى قىزلىرىڭنىڭ غەيرىتىدىن،
زىيالى ياشلىرىڭنىڭ سەنئىتىدىن،

خوشال بولدۇم جەسۇر دىخانلىرىڭدىن،
يېشىل ئورمانلىرىڭ، خامانلىرىڭدىن.

بىزەپسەن ھەر يېقىڭنى زىلچا ئوخشاش،
كۇلۇپسەن ئەڭ ئىسىل بىر غۇنچە ئوخشاش.

قۇياش زوقمەن سېنىڭ ئەتلەسلىرىڭگە،
يېڭى دەۋرگە خاس خىسلەتلىرىڭگە.

سەن بۇ ئالتۇن بوشۇكتە،
چەكمىدىڭ زىيان-زەخمەت.
چېگرىمىزدا تىنك تۇرغان
جېيفاڭجۇنگە مىڭ رەھمەت!
ئەللەي يۇلتۇزۇم، ئەللەي.
ئۇخلا قۇندۇزۇم، ئەللەي.

بىز ئىشلەيمىز گۇڭشېدا،
سەنمۇ بىزدەك شات-خورام.
بىزگە بەخت ياغدۇرغان،
جېيفاڭجۇنگە كوپ سالام!
ئەللەي بۇلبۇلۇم، ئەللەي،
باتۇر دۇلدۇلۇم، ئەللەي!

1963-يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

## بوشۇك ناخشىسى

بۇگۇن سالقىن شاماللاردىن،
يېشىل ياپراق شۇۋىرلايدۇ.

سېنىڭ قەددىڭنى پارتىيە كوتەرگەن،
شۇڭا گۇلزارلىرىڭ ياشناپ كوكەرگەن.

ئەنە قۇملۇقلىرىڭدا ئۇنۇپتۇ گەۋھەر،
ئېرىق - ئوستەڭلىرىڭدە ئېقىپتۇ كەۋسەر.

چىمەن باغرىڭنى مەن قىلدىم زىيارەت،
ياڭاقلىق باغلىرىڭ شۇنداق ئالامەت.

ھەقىقى بەختىيار جەننەت بولۇپسەن،
يەنە يۇكسەل كۇرەشتە چىڭ تۇرۇپ سەن.

1963 - يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

## ئەللەي

سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە
تېچ ئۇخلايسەن ئاپپىغىم.
قايغۇ نىمە، غەم نىمە
ھېچ ئۇقمايسەن ئامرىغىم
ئەللەي پاخلىنىم، ئەللەي،
ئۇخلا ئاپپىغىم، ئەللەي.

# دوستلۇق ناخشىسى

دوستۇم كەلدى سۇجۇدىن،
"قېنى سەن ھاۋاخان؟ — دەپ.
مەن كوپرەك جاپا تارتاي،
سەن ئۇچۇن پىدا جان!" — دەپ.

يۇرۇڭقاشقا كەلگەندە،
سۇيگىنىمگە گۇل تۇتتۇم.
ماڭا بەك يېقىپ قالدى
ئۇ مېيخۇا دىگەن دوستۇم.

سۇجۇ قىزى ئۇبدان قىز،
خوتەن قىزىغا ئامراق.
بىر تۇققان قېرىنداشتەك،
بىللە ئوتىمىز شۇنداق...

مەن بىلەن شۇ زاۋۇتتا،
ئىشلەيدۇ چېۋەر قىزچاق.

ئېگىز ئاسماندا تولغان ئاي،
كۈلۈپ ئاستا پىچىرلايدۇ.
تولۇن ئايدەك قوزام، ئەللەي،
ئارام ئالغىن بوتام، ئەللەي!

دەرىزەمدىن توكۇپ نۇرلار،
قارايدۇ زوقتا ئاي بىزگە.
كۈچەپ ئىشلەش بىلەن ياخشى —
ھوسۇل ئالدۇق راسا كۈزدە.
تولۇن ئايدەك قوزام، ئەللەي،
ئارام ئالغىن بوتام، ئەللەي!

باياشات بولدى كۈندىن-كۈن،
ھالال مېھنەت بىلەن تۇرمۇش.
دارامەت قولغا جىق تەككەچ،
ئاتاڭمۇ خوش، ئاناڭمۇ خوش.
تولۇن ئايدەك قوزام، ئەللەي،
ئارام ئالغىن بوتام، ئەللەي.

1963-يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

كېتىپ بارىمەن ئاتلىق ھارۋىدا،
بولۇشقا يېزا ئىشقىدا پىدا.

دىمىگەنمىدىڭ ماڭا: "كەل قوزام"
بارسام قۇچاقلاپ سۆيدۈڭ گۈل يېزام.

سىېنىڭ بەختىڭنى كۈيلەيمەن يەنە،
كورسەم غەزنىنەڭ چەكسىز مول ئەنە...

## جەننەت

كوككە بوي تارتقان سۆۋادان تىرەك،
تىللا يوپۇرماق شامالدىن زىرىك.

يەلپۈنۈپ ياتقان كوك مەخمەل ئېتىز،
خۇددى ئەينەكتەك سۇ ئامبار-دېڭىز.

شاقىراپ ئاققان سۈزۈك ئۆنچىلەر،
قەھ-قەھ كۈلۈشكەن قىزلار — غۇنچىلەر...

قاۋۇل قىز-يىگىت كەسمەكتە ئۈزۈم،
ئەنجۇر، ئانارغا چۈشتى جۇپ كوزۇم.

ئىغۋا تارقىتىپ دۈشمەن،
بىزگە قىلمىسۇن "چاخچاق!".

1963 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

## يىزا كۈيلىرى

(سىكىل)

### ھارۋىدا

كېتىپ بارىمەن ئاۋات يېزىغا،
ئىقبالى پارلاق ئازات يېزىغا.

ئاققوزماقچىمەن پىشانەمدىن تەر،
ئۇندۇرمەكچىمەن گوھەر بىلەن زەر.

كۆرەشمەكچىمەن توسقۇنلار بىلەن،
ئوركەشلەپ ئېقىپ دولقۇنلار بىلەن.

ئەمگەكچى خەلقلەر قولغا ـ قول تۇتۇپ،
جەك قىلماقچىمىز قەھرىمان بولۇپ.

## ئوبدان شۇجى

كوپنى كورگەن ئاقساقال بوۋاي،
دەيدۇ: "بىر گىپىم بار ئەمدى ئېيتاي.

كادىر باللارنىڭ ئالدىدا مىڭىپ،
كەلدى ئا شۇجى جاپانى يېڭىپ.

قەدىردان بىلىپ چۈشتى هويلامغا،
لەززەت قىتىلدى ئاشقا-چويلامغا.

رەهبەر بولسمۇ مۇگداشتى تۈندە،
كەتمەن چېپىشتى مەن بىلەن كۈندە.

باشتىن ئۆتكەننى قىلدىم هكايە،
شۇجى بولدى شات مەندىن زىيادە.

ئىچكىپ كەتتۇق شۇجى بىلەن بىز،
ئىچ قارنىمزنى بىلدى شۇگا تېز.

ئىلگىرى ماگدى بارغانىسېرى ئىش،
شۇجى توغرىلاپ قويغاچ ئالتۇن خىش.

ئۆزۆلمەكتە ھەم شىېخىدىن نەشپۆت،
يېسىگىز تەمى ئاقناۋات ـ كەمپۆت.

يىمىشلىرى كوپ گۆگشي بىغىنىڭ،
داڭقى تارالغان ئاشلىق تېغىنىڭ.

قارلىق دالادەك ئاق ئالتۇنلىرى،
قىزغىن تېرىمچى مەرت ـ دولقۇنلىرى.

قىلىچ ياپراقلىق قوناق شىېخىدا،
ئاپپاق مەرۋايىت سانسىز بېشىدا.

ھەر جەگچى دىخان غەمسىز پاراۋان،
يوقالغاچ ئەمدى زالىم ـ زوراۋان.

بۈگۈن ئەمگەكچى كەمبەغەل خۇرسەن،
گۆگشىلاشقان بۇ يېزىمىز گۈلشەن.

شۇڭا بىز مۇشۇ جەننەت ھورلىرى،
بىزگە كۈچ بەرگەن ھورلۇك نۇرلىرى.

## قاپاق تېرەك

كېلىۋاتىمىز ئېتىزدىن يېنىپ،
دەم ئالماقچىمىز تاڭغىچە قېنىپ.

بىز ئىككى كىشى، بىرى زايىتكام،
يولدا سوزىنى قىلاتتى داۋام:

— شۇ قاپاق تېرەك، — دېدى كورسۇتۇپ،
بىزنى قاخشاتقان قانلار قۇستۇرۇپ.

ھاجىباي مېنى ئاسقان تېرەككە،
تويدا يوقالغان توشۇك چىلەككە.

مەن ئەمەس يالغۇز، كوپلەر ئېسىلغان،
ئاندىن پەلەققە تارتىپ بېسىلغان.

قاپاق تېرەكتە يوغان قوساق باي،
ئىلىگىمىزنى شورىغان تويماي.

ھاجىباي ئىدى زېمىندار-قۇلدار،
ھەم جازانىخور، پارىخور، پۇلدار.

ئالامەت ئوبدان شۇجى ئىكەن بۇ،
بىزگە چىن غەمخور-رەھبەر دىگەن شۇ.

پارتىيە خەلقنىڭ يەيدۇ غىمىنى،
توق قىلىپ بەردى ئاشۇ-نىنىنى...

پارتىيە بىزگە ئەۋەتكەن كادىر،
مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىمىز ھازىر.

ھەر بىر ئىش-جەڭدە بولدى قوماندان،
ئىشىمىز ئوڭغا تېز يۈردى ئوبدان.

غەيرەت ئۈستىگە قېتىلدى غەيرەت،
بىرلىك كۈچىمىز كۆچلەندى ھەيۋەت.

گۈڭشىمىز دادىل ئالغا باسماقتا،
خوشاللىغىمىز كوكتىن ئاشماقتا.

ھەي مۇخبىر ئۇكام كوردۇڭ ئوزۇمنى،
گېزىتكە يازغىن بۇ گەپ-سوزۇمنى!"

ئۇچۇرۇپ قۇمنى، توپا-تۇمانىنى،
چاچماقتا ھەر يان ئوت-خەس، سامانىنى...

مەرۋايىت قوناق شىلدىرلىشىدۇ،
يەرگە چېچىلىپ غىلدىرلىشىدۇ...

شۇجى ئوغاقنى ئالدى قولىغا،
ماڭدى ئالدىراپ ئېتىز بويىغا.

كادىر، دېخانلار بولدۇق سەپەرۋەر،
ئوغاق سېلىشتۇق ئاندىن باراۋەر.

قاپ-قاراڭغۇ تۈن، كوچەيگەن بوران،
ئادەمگە زادى بەرمەيتتى ئامان.

كوزگە، ئېغىزغا...ئۇرىدۇ قۇمنى،
ئېلىپ قاچقۇدەك قويسا تۇخۇمنى.

بارلىق جەڭچىلەر قىلمىدۇق پەرۋا،
بەردۇق ئاخىرى دۇشمەنگە پەشۋا.

مەرۋايىت دانلار ياتار كۆلۈشۈپ،
ئۇ چەت-بۇ چەتتە ھاردۇق سورۇشۇپ.

ئامبال - دوتەيگە قولچوماق ئىدى،
يالغانچى كاززاپ ھەم پاخپاق ئىدى.

كەتمەيدۇ ئوتموۇش ئەسلا يادىمدىن،
ئەسلىسەم بىر-بىر ئوتەر ئالدىمدىن.

شۇ قاپاق تېرەك ئوتموۇشكە گۇۋا،
بۇگۇن باشقىچە يېڭى بىر دۇنيا.

قاپاق تېرەكنى ئالدۇق بىز قولغا،
قەدەم تاشلىدۇق قۇياشلىق يولغا.

پارتىيە بولغاچ بىز بولدۇق ئازات،
يېزىمىز مۇنداق بولماقتا ئاۋات.

شۇڭا دەيمىز بىز ئوتموۇشكە لەنەت،
شات دەۋرىمىزگە مىڭلارچە رەھمەت.

## بورانلىق كېچە

شاخنى شاخلارغا ئورۇپ لىڭشىتىپ،
ئوچماقتا بوران قانات سىلكىشىپ.

قىزنىڭ ئاتىسى بۇرۇن قۇل ئىدى،
بىزگە ئوخشاشلا سولغان گۈل ئىدى.

بۈگۈن بۇ قىزچاق گۈزەلشىدا دوختۇر،
داخانىغا مۇھتاج كەمبەغەل يوقتۇر.

ئازات زاماننىڭ گوھەر قىزى بۇ،
خەلقىمىز تىككەن كوچەت ئۆزى بۇ!“

## ئانا

چىچى غىۋىدەك ئاقارغان ئانا،
چۈشكەن يۈزىگە قورۇقلار مانا....

ئوچاق ئالدىدا ئوغلىغا قاراپ،
سوزلىمەكتە ئۇ يىپىشنى ساناپ:

— توقسانىغا كىردىم، ئوغلۇم بىلىپ قال،
مېنىڭ ئىشىمنى ئەمدى ئۆزەڭ ئال.

ھىچ ئۇنتۇمايمەن ئوتكەن كۈنۈمنى،
زومىگەرلەرگە قۇل بولغۇنۇمنى.

بورانلىق كېچە ئۇتتى جەڭ بىلەن،
ئېلىشتۇق ئاپەت بۇ نەيرەڭ بىلەن،

ئۇرۇپ ئېلىندى كاللەك ئاق مارجان،
كۆرەشتە غالىپ بىزلەر ھەرقاچان.

## كېلىنچەك

بوجۇڭجى ياتقان ئېتىز قىرىدا،
بىر قىز كورۇندى دوڭدە ـ نېرىدا.

قىردا ئولتۇرغان چار ساقال دىخان،
ئېچىلىپ ماڭا سوزلىدى شۇ ئان:

"بىزنىڭ كېلىنچەك ئەنە شۇ قىزچاق،
ئىشتا بەك چاققان دىخانغا ئامراق.

كېيىنەك ئوخشاش ئايلىنىپ يۇرۇپ،
خوش قىلدى خەلقنى داۋالاپ تۇرۇپ.

ئېتىز بېشىدا بېرىدۇ دورا،
يېنىدا ھەر ۋاق سومكىسى ھەمرا.

كۆكۈل كويۇمنى ئۈزهار ئەيلىدىم
ئاددى بولسىمۇ هەر بىر سوزلىرىم.

1963 ـ يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر ـ ئاۋات.

## ئاتۇش هەققىدە ناخشا

ئاتۇشتا كۈلۈپ كەتتى
گۈزەل دەۋران باهارى.
باغلاردا پىشىپ كەتتى
ئەنجۈر بىلەن ئانارى.

تاغنىڭ باغرىنى بويلاپ
كەتكەن كەڭرى تاش يوللار.
ئېتىزلاردا قايىنايدۇ
ناخشا ئېيتىپ ياش باللار.

ئاتۇش تاغلىرى يايلاق،
كەڭ زىلچىغا ئوخشايدۇ.
چارۋىسى سېمىز شۇنداق
گۈلزارلاردا ئوتلايدۇ.

ئازات زاماندا ئۇستۇڭ گۈل بولۇپ،
خەلق ئىشنى ئىشلە چىڭ تۇرۇپ!

دۈشمەن تۈلكىدەك ھىڭگايغان بىلەن،
ئالدانما، قۇيرۇق دىڭگايتقان بىلەن.

بورە ھىچقاچان بولمايدۇ پاخلان،
بىخۇت يۈرۈشتىن ھەمىشە ساقلان.

كاۋاك تاپسىلا قەستلەيدۇ بىزنى،
ياۋ كورەلمەيدۇ شات بەختىمىزنى.

قىزىل بايراقدار بول كۈرەشتە سەن،
سەندەك ياشلاردىن شۇنى كۈتىمەن.

پارتىيە سىزغان نۇرلۇق يولدا ماڭ،
چۈنكى ئۇ — سىنىڭ چىن ئاتا-ئاناڭ!

**خاتىمە**

گۈلشەن يېزىنىڭ ئىشقى دىلىمدا،
نەزمە قايىندى خوشال تىلىمدا،

بېيجىڭدىن يېتىپ كەلگەن
پويىزنى كورۇپ يايراپ.

شىنجاڭغا پويىز كەلدى،
غەمخور پارتىيە بولغاچ،
گۈللەيدۇ ئىلىم تېزدىن،
خەلقىم بىر نىيەت بولغاچ.

مەنمۇ بارىمەن تاڭلا،
بېيجىڭغا ئېلىپ سوغا.
دوستلۇقنى كۈچەيتىپ بىز،
بىللە باسىمىز ئالغا.

1964 ـ يىل 14 ـ مارت، ئۈرۈمچى.

## گۈيخۇادۇي ناخشىلىرى

### 1 ـ ناخشا

ئاق بۇلۇت يەلكەنگە ئوخشاش كەزمىسە،
يالتىراپ، قانداق ئېچىلغاي قار گۈلى؟

سۇ ئامبىرىدا ئۈينار
ئۆدەك غاز بىلەن چۈمگەك...
قايناماقتا ھەر ياندا
زور غەيرەت بىلەن ئەمگەك.

ئورمانلىقتا سايرايدۇ
بوز تورغاي بىلەن بۇلبۇل.
ئاتۇشنىڭ چۆچەرلىرى
گاڭ قانات ئۇچار دۇلدۇل.

ئاتۇش يەنە ئۆسمەكتە،
غۇنچىدەك كۈلۈپ ياشناپ.
قىزىل قۇياش نۇرىدا
دادىل چوڭ قەدەم تاشلاپ.

1963 - يىل.

## پويىز ھەققىدە ناخشا

(ناخشا تېكىستى)

ئىچ-ئىچىمگە سىغمايدۇ،
شاتلىقىم تېشىپ قايناپ.

## 3 ـ ناخشا

(قىرغاقتىكى قىزلار تەنتەنىسى)

ئەركىلەيدۇ تال چىۋىقلار،
پەسلى باھار يېتىپ كەلدى.
يېڭى باغنىڭ شاخلىرىدا
چېچەك ـ مونچاق ئېچىپ كەلدى.
شەرۋەت سۇلار ئويناقلىشىپ،
ئۇنچە ـ مارجان چېچىپ كەلدى،
قىرغاقلارغا ئوغۇل ـ قىزلار...
ئۇسۇل ئويناپ، ئېشىپ كەلدى؛
كوڭلىمىزگە خوشاللىقلار
دولقۇن ياساپ، تېشىپ كەلدى.

بىز ئاتلاندۇق باتۇرلارچە،
ئۇلۇغ جەڭگە كوكرەك كېرىپ.
كۇرەش قىلدۇق تاغ ـ تاش بىلەن،
تەبەتكە يۇگەن سېلىپ.
ئالغا ماڭدۇق تاغنى يېرىپ،
مۇشەققەتنى راھەت بىلىپ.
ياساپ چىقتۇق تاش ئوستەڭنى،
كېچە ـ كۇندۇز غەيرەت قىلىپ.

قار سۇيى ئۇستەڭدە ئويناپ كەلمىسە،
يەر يۈزى قانداق كوكەرگەي بىر يولى؟

تاغ يېرىپ يۈيگۈك كەبى، ئۇستەڭ ئېلىپ،
يۈرتقا باشلايمىز سۇزۇك كەۋسەرنى بىز.
قەلبىمىزدە كەلگۈمىزنىڭ ئىشقى ئوت،
ئالىمىز يەر كوكسىدىن گەۋھەرنى بىز.

## 2 ـ ناخشا

ئالدىمىزدا تىك تۇرۇپتۇ تاغ ئېگىز،
خۇددى يولۋاستەك قارايدۇ هاڭ ـ ئېغىز.
بىزنى قانداقمۇ توسالايدۇ بۇ تاغ؟!
غەيرىتىمىز نى ئېگىز تاغدىن ئېگىز.

پارتلىتىپ تاغنى كۇكۇم تالقان قىلىپ،
يارىمىز تاغ باغرىنى، ئۇستەڭ ئېلىپ.
شاقىراپ ئاققاندا قاردەك مۇز سۇيى،
قىلىمىز بىز تەنتەنە سازلار چېلىپ.

ئومۇرلۇك توھپە يوللاشقا ئەمەلدە،
كۈرەشنىڭ قايىنىمىدا ئۇزدۇم ئالغا.

## بىرىنچى باپ

## ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

ئېگىز تاغلار بېشى كوككە تاقاشقان،
كۈمۈشتەك ئاق چېچى قالتىس ياراشقان.
گۈزەل باغرىدا بار كىمخاپ لىباسى،
چېچەك ـ مونچاقلىرى گۈللەپ تۇرۇشقان.

قىرغىزنىڭ شىردىغىدەك يېگى يايلاق،
قىران دەرياسىدەك ھاياتى قايناق.
بۇلۇت كوكتىن كوچۇپ چۈشكەنگە ئوخشاش،
ھىساپسىز چارۋىغا تولغان بۇ ئوتلاق.

قۇياش ئالتۇن نۇرىنى تەكشى سەپكەن،
قىزىل تۇغ ئەلگە ئىلھام بەخش ئەتكەن.
ئۇيۇشقان ھەممە مىللەت خەلقى گاڭدەك،
زەپەر تارىخىمىزغا نەقىش چەككەن.

كۈرەشتە ھەمنەپەس بىز بارچە مىللەت،
ئۈزۈلمەس رىشتىمىز، يوق دىلدا ئىللەت.

ئوينىقلىشىپ، موللاقلىشىپ،
سۆزۈك سۇلار ئېقىپ كەلدى.

1972 ـ يىل مارت.

## ئۈزۈلمەس رىشتە

(داستان)

### مۇقەددىمە

كېزىپ شانلىق ۋەتەننىڭ گۈلشىنىنى،
كوزۈم دوستلۇق گۈلى ـ رەناغا چۈشتى.
شۇ ئان قەلبىمدە چاڭجياڭ بولدى ھاسىل،
قەلەم يەلكەن بولۇپ دەرياغا چۈشتى.

سۈزۈپ ئالماقچىمەن گوھەر ـ سەدەپتىن،
قېرىنداشلىق، كويۇمچانلىق شەرەپتىن.
چىقارمەن ئاخىرى قىرغاققا غالىپ،
مەدەت كەلگەچ ماڭا بېيجىڭ تەرەپتىن.

ئازات جۇڭخۇا ـ قەدىرلىك ئانىجانىغا،
ئازاتلىق ئارمىيە، خەلق ـ جانىجانىغا،

ئۇ، شىرىن ئۇيقۇغا قانغاندۇ بەلكىم،
بۈگۈن تاڭ ئاتقىچە ئالغاچ تولۇق دەم.

خوراز چىللاش بىلەن ئويغاندى لى لى،
خوشال دەس ئورنىدىن قوزغالدى لى لى.
ئۇنىڭ خەي، پايپىغى... رەتلىك تۇرۇپتۇ،
كىيىنگەچ بىرنىمە ئويلاندى لى لى.

ئېلىپ ئۇيغۇرچە گۈللۈك دوپپىسىنى،
يەنە كىيدى چىرايلىق يوپكىسىنى...
تاماقنى تويغۇدەك يەپ، كۈلدى لى لى،
كورۇڭ چاققانلىغىنى، كوپتىسىنى...

چىقىپ ئويدىن تالاغا ماڭدى تېز-تېز،
ئۇزىچە ناخشا ئېيتىپ يولدا بۇ قىز.
تاماشا قىلغىنىچە زور ھەۋەستە،
كورۇپ ماڭدى يولدا لالە، قىرمىز...

كىرىپ كەلدى تونۇش هويلىغا لى لى،
كىرىپ كەتتى ھۇسەن قويىنىغا لى لى.
"ئاتا" — دەپ ئەركىلەپ چوچۇك تىلىدا،
قولىن سالدى ھۇسەن بويىنىغا لى لى.

شۇ تاغلار ئۇمرىدەك تارىخىمىز بار،
تولۇپ تاشقان ۋەتەنگە زور مۇھەببەت.

قۇياش پارتىيە نۇرى قەلبىمىزنى —
تۇتاشتۇرغان قىلىپ ھور خەلقىمىزنى.
كۇرەشچان دەۋرىمىزدىن زوقلىنارمىز،
كورۇپ ھەر بىر قەدەمدە بەختىمىزنى.

بۇگۇن بىر ئائىلە پەرزەنتلىرى بىز —
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل ۋە قىرغىز...
ئۇلۇغ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە،
تۇمەن دەريا قوشۇلۇپ بولدى دېڭىز.

گۇزەل قەشقەر رايونى گۇللىمەكتە،
ئازاتلىق ئارمىنىنى كۇيلىمەكتە.
ئۇيۇلتاشتەك چىڭ تقان ئىتتىپاقنى،
ھەر مىللەت خەلقى ئالغا ئورلىمەكتە.

## ئىككىنچى باپ

## لى لى

ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن مە يەتتە كەم،
ئىدى ئالتىنچى ئاي — ياز مەزگىلى ھەم.

باھار—
ئاپرېلغا ئۆچ، دەل كەچقۇرۇندا،
ئېتىزدىن قايتتى لاۋچېنلار قورۇغا.
تاماقمۇ بولدى تەييار بىر پەساتتا،
كورۇنمەي قالدى لى لى شۇ سورۇندا.

—يېشى بەشكە كىرىپ قالغان بۇ لى لى،
قايان كەتكەن بۇنى ئىزدەپ كورەيلى!
دىدى لاۋچېن تالاغا تاشلىدى كوز،
ئاجايىپ ئەنسىرەشتە قالدى كوڭلى.

قەدىردان خوشنىلارنى چىقتى يوقلاپ،
(پۈتۈن ئويگە كىرىپ چىقتى تولۇقلاپ).
كېلىشتى ھەر تەرەپتىن غۇنچە ياشلار،
قىلىشتى ھەر تەرىقە سوز چۇرۇقلاپ.

ئېچىلدى غۇنچىلاردىن بىرىنىڭ ئاغزى،
سوزىنىڭ بار ئىدى داۋلىسى-ماغزى.
گويا يىپقا تىزىلغان كەھرىۋادەك،
ئىدى رەتلىك سوزى، نۇرانە مەگزى.

* * *

ئېلىپ كىردى ھۇسەن لى لىنى ئۆيگە،
ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ كورپىگە-تورگە.
سوراشتى ھەممە بىردەك تېچ-ئامانلىق،
پاراڭلار بولدى چوغدەك، تولدى كۆلگە.

لى لى كەلدى ئۈچىنچى رەتتە يوقلاپ،
ھۇسەننى، گۇلپىيەنى... دىلدا ساقلاپ.
ھەلىمەنى "ئانا!"—دەپ ئەركىلەيدۇ،
كويۇمچان، مېھرىۋانلىقىنى يادلاپ.

*　　*　　*

دىسەڭلار، قايسى لى لى، كىم قىزى بۇ؟
ۋە يا ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇنىڭ ئوزىمۇ؟
بۇ قانداق ۋەقە، تەكتى نىچۇك ھال؟
ھىكايەم قىسمىنىڭ باش مەركىزى بۇ.

ئوتۇپ كەتكەن بىلەن بولماس سوز ئاچماي،
جىپىاڭجۇن جەڭچىسىدىن گېپىمنى باشلاي.
ئاجايىپ غەيرىتى بار شۇ كىشىنىڭ،
ھايات كانىغا كوز نۇرۇمنى تاشلاي.

*　　*　　*

يىقىلدى لاي ۋە سۇغا نەچچە نوۋەت،
تۇرۇپ ماڭدى يەنە ئالغا بوشاشماي.

يوشۇردى ئاستا-ئاستا يۈزىنى كۈن،
سىيادەك قاپ-قارا كەلدى بۈگۈن تۈن.
ماڭار لى لى ئېرىقتا — لايدا- سۇدا...
جىمىقتى ھەممە ياقتا ناخشا — ئەن-ئۈن.

## ئۈچىنچى باپ

## غەمخورلۇق

قىدىردى ئوينىغان يەرلەرنى لاۋچېن،
ئۇچار ئوتلاقتا ئۇ گوياكى لاچىن.
تېپىشقا جان-جىگەر لى لى — قىزىنى،
يۈرەكتىن سىغىنىپ ئاچقان غۇلاچىن.

ئېرىقلار ئاتلىدى... قاشلار قارايدى،
چىغىر يوللار مانا كوزگە تارايدى.
قىزىنى ئىزدىسە لاۋچېن يىراقتىن،
دىلىدا ھىلىلا كورگەن سانايتتى.

بىراق لى لى كورۇنمەي قالدى بىردىن،
ئېرىق-ئوستەڭ، ئېتىز، باغ، دالا، قىردىن.

لى لى ئۇيناپتىكەن، كوكتە قۇياش بار،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئاداش بار.
ئۇيۇنغا زادى قانماي ئۇيىنىشىپتۇ،
كۆلۈپ، گۈللەر تېرىپ... گۈلغۇنچە ياشلار.

توسۇن تايدەك چېپىپ ئۇيناپتۇ بىر پەس،
بولۇپتۇ بىر ئېرىقتىن ئاتلىماق تەس.
لېكىن چوڭلار ئۇتۇپتۇ، قاپتۇ لى لى،
ئۇيۇن-كۈلكە بىلەن بوپتۇ پۈتۈن ئەس.

* * *

ئۇيۇننى "جەڭ" بىلەمدۇ، بەلكى لى لى،
شۇڭا ئۇتكۇرۇ-قەيسەر ئىدى زېھنى.
ئېرىق بولدى توسالغۇ شۇ مىنۇتتا،
قويامدۇ ئارقىغا قايتىشقا مەيلى؟

ئۆزى يالغۇز ئېرىققا چۈشتى لى لى،
يىغىپ ماڭدى پۈتۈن كۈچ، ھۇشىنى لى لى.
تېيىلغاق لايدىن ئۆتتى قەھرىماندەك،
ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا كوچتى لى لى.

ئىگىز بولغاچقا قىر، قالدى چىقالماي،
ئېرىق بويلاپ ماڭار بولدى تۇرالماي.

كىشىلەر ئالدىراپ قالدى زىيادە،
ئۇنى كوپ ئىزدىشىپ ئاتلىق، پىيادە.
تېپىشقا قىزنى يا بەلگىسىنى،
پۈتۈن يولداشتا بولدى زور ئىرادە.

* * *

باھارنىڭ ئاپتۇۋى قوقاس مىسالى،
ھىلى يانسا، ھىلى ئۆچكەي داۋامى.
شۇۋىرغان چىقىرايدۇ تەلۋىلەرچە،
قىزاردى ئالمىدەك لى لى چىرايى.

ئېسىلسا قىردىكى تاشنى سىقىمداپ،
يىقىلدى سوغا لى لى يان بېغىرلاپ.
شاراقلاپ قالدى سومۇ، قوپتى قىزچاق،
قەدەمنى يوتكىدى ئاستا ئاۋايلاپ.

## توتىنچى باپ

## غەمدىن خالاس

گور، ئاسماندىن بولەك جاي ئاختۇرۇلدى،
كېچە ـ كۈندۈزى ئورمان... باقتۇرۇلدى.

خەۋەر تاپتى بۇ ھالدىن رەھبىرىي لىيەن،
گويا چاقماق چېقىلدى تاغ ـ ئېدىردىن...

سەپەرۋەر بولدى ئۈچ يۈز نەچچە ئادەم —
قېرى، ياش، ئەر، ئايال — جەڭچى ۋە خادەم.
چېپىشتى ھەممە ياقنى ئاختۇرۇشقا،
لى لى قىزدىن خەۋەرسىز قالدى ئالەم.

كىشىلەر ھەر تەرەپتىن ئىزدىمەكتە،
قايان كەتكەندۇ لى لى قىز؟ — دىمەكتە.
ئېشىپ تاغنى، كېزىپ باغنى شۇ تۈندە،
ئۇماق قىزنى تېپىشنى كوزلىمەكتە.

لېكىن لى لى يەنە قالدى تېپىلماي،
ئۇنىڭ ئەندىشىسى تۈردى بېسىلماي.
بۇ بىر تىلسىم بولۇپ، يايلاقتا ھازىر،
گوھەرنىڭ ساندۇغى قالدى ئېچىلماي.

تاڭ ئاتتى،
ساقچىلار بولدى خەۋەردار،
لى لىغا كوپچىلىك غەمخور ـ خېرىدار.
ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە سەرسان،
پۈتۈن يولداشلىرى بولدى پىداكار.

ئۇزەم ئىزدەپ باقاي لى لىنى ئەمدى،
تېرىلغۇ ۋاقتى ئالتۇندىنمۇ قىممەت...

كىشىلەر ئىزدىمەكتە توختىماستىن،
لى لىنى مىنۇتمۇ ئۇنتۇماستىن.
جىرىڭلاپ قالدى تېلېفونمۇ تۇيۇقسىز،
تۇراتتى ئەلمۇ ئويغاق ئۇخلىماستىن.

— تېپىلدى ئەمدى لى لى، بار سالامەت!
شۇ "دولقۇن" دادۇيىدە بار ئامانەت.
ھۆسەننىڭ ئۆيىدە ئويناپ يۈرۈپتۇ،
ئۇنىڭ كۆڭلى خوشال ھازىر ئالامەت!!

بۇ ئۇتلۇق خۇش خەۋەر تارقالدى ھەر يان،
شامالنىڭ تېزلىگىدە ئۇتتى جەريان.
كىشىلەر چالدى شاتلىقتىن چاۋاكلار،
شۇ ئان بايرام تۈسىنى ئالدى مەيدان.

خەۋەر يەتكۈزدى لاۋچېنمۇ ئۆيىگە،
ئۇچۇپ كەتتى ئۇ "دولقۇن" دادۇيىگە.
قەدىردانلار تېپىشتى شاتلىق ئىچىدە،
ھۆسەن لاۋچېننى باشلار ئۆي تورىگە.

ۋە لېكىن چىقمىدى ھېچبىر نەتىجە،
ئۈمىتۋارلىق يەنە ئالغا سۈرۈلدى.

كىشىلەر قىسما-قىسما ئويغا چوكتى،
كوڭۇلگە پۈككىنىنى ئەلگە توكتى.
لى لىنى ھەممە بىردەك ماختىشاتتى:
—ئۈچار يۇلتۇزمۇ ئۇ؟
—تاك...
—نەگە موكتى؟

دېيىشتى چوك-كىچىك: يۈزلەندى دىشۋار،
—بۈگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ، يەنە ئىش بار...
—كوزى ياشلاندى لى لى ئانىسىنىڭ،
—بولايلى سىنىپى دۈشمەندىن ھوشيار!

—ئۇ، يىرتقۇچ بورىگە بولغاندىمۇ يەم؟
—ياۋايى قوش ئىلىپ قاچقانمۇ شۇ دەم؟
—كورمەمدۇ سۇغا-كولگە چۈشسە؟
—يىلان چاقسا كوزى بولغانمىدۇ نەم؟...

كېلىپ لىيەندۈيگە لاۋچېن ئېيتتى: رەھمەت،
كوڭۇل بولدى ماڭا تەشكىل ناھايەت.

يىراقلاپ كەتتى لى لى لىيەندۈيدىن،
ئاتا، ئانىسىدىن — راھەت ئۈيدىن.
تېپىلسا كاشكى لى لىغا شۇ دەم،
يۈرىگى سۈيۈنەتتى بەخت يولىدىن.

قەدەم يوتكەشتە كوزدىن ئۇت چېقىلدى،
مادارى قالمىدى، يۈرەك سىقىلدى:
چىۋەر لى لى جاسارەت قىلدى قانچە،
ھۇشىدىن كەتتى تېز يەرگە يىقىلدى...

## بەشىنچى باپ

## ئىنسانپەرۋەرلىك

بۈگۈن توتىنچى ئايغا بولدى ئالتە،
سېغىزخان سايراپ ئۇچتى كالتە-كالتە.
چىچەكلەر خۇش پۇراق چاچماقتا ھەر يان،
ئىسىل خىسلەتكە باي بۇ يېڭى كەنتتە.

ھۇسەن ئاتلىق سەھەر ماڭدى ئېتىزغا،
نەزەر تاشلاپ خوشال ئۇتلاق-دېڭىزغا.
يېشىل مەخمەل شامالدا يەلپۈنەتتى،
ئۇزاقتىن تاشلىدى كوز تاغ ئېغىزغا.

* * *

پۈتۈن ئەتراپ ئالامەت قاپ ـ قاراڭغۇ،
تۇرۇپتۇ ئالدىدا چوڭ بىر توسالغۇ.
يېتىپ قىرغا يەنە چوپكە ئېسىلدى...
يولۇندى يىلتىزى! دوم چۈشتى قىزمۇ.

چاياننىڭ نەشتىرىدەك سوغمۇ ئاچچىق،
كوكۈللۈك ئۈيقۇ بولسا تېخى تاتلىق...
جەسۇر لى لى يەنە قەددىنى رۇسلاپ،
مېڭىپ كەتتى، كوزى ئاغرىيدۇ قاتتىق.

بېشى تۈگمەن تېشىدەك چورگىلەيدۇ،
سوغاق تىنماي بۇ قىزغا "ئەركىلەيدۇ"،
شامالدا تىترىگەن رەناغا ئوخشاش،
زىرەك لى لى مېڭىشقا ئالدىرايدۇ.

قولىدا چىڭ تۇرۇپتۇ ئىككى پار خەي،
كوزى چولپان كەبى پارلار ئۈزۈلمەي؛
تولۇن ئايدەك يۈزى لايغا مىلەنگەچ،
بولۇتلۇق ئاي مىسال قالدى كورۇنمەي.

ھۆسەن ئويلاپ دىدى شۇ چاغ ئۆزىگە:
"ئۇلۇغۋار ئىش بولامدۇ ئىنقىلاپتەك؟".

نەپەس ئالماقتا قىز غايەتتە ئاجىز،
سوغاق، ئاچلىق... ئۇنى قىلغاچقا ھالسىز.
ھۆسەن سالدى چاپاننى قىزنى يوگەپ،
كوتەرگەنچە ئېلىپ ماڭدى ھايالسىز.

ھۆسەن ئاتلىق يېنىپ ماڭدى ئۆيىگە،
يېتىپمۇ كەلدى "دولقۇن" دادۇيىگە.
تۇرۇپ ئاتلىق، ئىشىك ئالدىدا توختاپ،
كۆچەپ بىر توۋلىدى: "تېز بول ھەلىمە!"

جۇلا ئۇرماقتا ئەينەكلىك دېرىزە،
ئۇنى سۇرتەتتى بۇ ئىشچان ھەلىمە.
قولاقتا يەتتى ئاۋاز يولدىشىدىن،
چۇراپ چىقتى، قاراپ قالدى ئېرىگە.

ھۆسەننىڭ باشقىچە روھ-كەيپىياتى،
جۇلالىق ئەينەك ئەردى ھىسسىياتى.
نىمە ھال بۇ؟ ھەلىمە بىلەلمىدى ھىچ،
كوزىگە تەپتى تۇنجى تەسىراتى.

كورۇپ زوققا تەبىئەت ـ كائىناتنى،
كېتىپ بارغان كىشى توختاتتى ئاتنى.
كوزى بىر نەرسىگە چۈشتى، تىكىلدى،
ئېنىق پەرق ئەتتى ئادەم نەسلى ـ زاتنى.

ھۈسەن ئاتتىن چۈشۈپ تېزدىن يۈگۈردى،
كوكات ئۈستىدە بىھوش قىزنى كوردى؛
چىلىق سۇ، لاي ئۇنىڭ ئەڭنى، ۋۇجۇدى...
"خەۋەر ئالغىن!" ــ دېگەندەك ئاتمۇ تۇردى.

ھۈسەن ئويلاندى: "كىمنىڭ قىزچىغى بۇ؟
ئۇزۇلگەن قايسى يىپ كوز مۇنچىغى بۇ؟
ئۇنى قانداق شامال سۇندۇردى شاختىن؟
ۋە قايسى گۈل ـ چىمەننىڭ غۇنچىسى بۇ؟"

"چىلەي... ياتۇ..." ــ دىسە ئاچتى كوزىنى،
تاتارغان ھالدا كوردى ئاي يۈزىنى.
ھاياتلىقتىن خەۋەر تاپتى ۋە لېكىن،
ھاياجاندا ھۈسەن سەزدى ئوزىنى.

ھۈسەن كوڭلى ئېرىپ كەتتى سىماپتەك،
بۇ قىزنىڭ ھالىنى بىلگەچ بىتاپتەك.

داۋام ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى،
شۇ ئۇي ئەزالىرى قىزغا قاراشتا.

خوشاللىقتا ھەلىمە ئېيتتى مۇنداق:
"خېلى ياخشى بولۇپ قالدى بۇ قىزچاق؛
يەنە بىر گۇلپىيە بىزگە قوشۇلدى،
بۇنىڭغا مەنمۇ چىقتىم بەكمۇ ئامراق.

بۇ ئۇينىڭ بۇلبۇلى بولدى بۇگۇن قوش،
شۇڭا قەلبىم كارامەت مىسلىسىز خوش.
بۇ قىزنى ياخشى ئاسراپ چوڭ قىلايلى،
بولۇپ كەتمەيدۇ ئاخىر ئەجرىمىز بوش!"

ھۇسەن خۇرسەنلىكتىن ئېيتتى: "رەھمەت،
ھەلىمە ياخشى ئېيتتىڭ، مۇشۇ پۇرسەت.
ئۇلۇغ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە،
يېقىن يولداش-قېرىنداش بارچە مىللەت.

بۇ بىر خەنزۇ قىزنى ياخشى ئاسراش،
زورۇر بىزگە داۋالاش، ياخشى ساقلاش.
ۋەتەن، خەلق ئالدىدا بىزلەرگە لازىم،
قېرىنداشلارچە غەمخورلۇقنى ئاقلاش..."

ھۇسەن ياتقۇزدى قىزنى كاڭغا باشتا،
خوتۇنىغا سوزلىدى ئەھۋالنى ئاستا..
كوزىدىن خۇددى شەبنەم ياشنى سۇرتۇپ،
ھەلىمە مېھرى قويدى قىزغا باشقا.

دېدى ئۇ: "ياخشى قىلغانسىز بۇ ئىشنى،
تېزېپسىز سوتسىيالىزىمغا خىشنى.
ۋەتەننى، كەلگۇسىنى ئويلىغانسىز،
قىلايلى قىزغا ياخشى پەرۋەرىشنى..."

ئۇنىڭ ھول ئەگىنىنى سالدۇردى شۇ ئان،
يېڭى، پاكىز كىيىم كىيدۇردى ئوبدان.
ئېلىپ كەلدى ھەلىمە سۇت بىلەن قەن،
پىيالە بولدى تەييار ھەمدە چايدان.

ھەلىمە چاينى ئىچكۇزدى قوشۇقلاپ،
كوزىنى ئاچتى قىزچاق ئىسسىق ئوتلاپ؛
گويا يامغۇردا جانلانغان قىياقتەك،
تومۇرلارغا ھارارەت... تولدى قوشلاپ.

ھۇشىغا كەلدى لى لى ئاستا-ئاستا،
قىلار بولدى شېكەر، سۇت، قەندە... ناشتا.

*   *   *

هۇسەن ئۇيدىن چىقىپ كەلمەكتە ئۇيچان،
ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالدى شياۋدۇيجاڭ.
هۇسەن ئېيتتى رىھىمگە بولغان ئىشنى،
تېلېفوندىن خەۋەردار بولدى سوجاڭ.

## ئالتىنچى باپ
## ئۇزۇلمەس رىشتە

ئىشىك ئالدىدا بىر هەربى تۇرۇپتۇ،
سەممى، خۇش چىرايى بەرق ئۇرۇپتۇ.
گۇزەل، نازۇك ئاهاڭدا دىدى: "بابا!"
دىمەك لى لى ئاتىسىنى كورۇپتۇ.

هۇسەن هەربىنى ئۇيگە قىلدى تەكلىپ،
بۇرادەرلەرچە قىلدى قەدەم تەشرىپ.
هىكايە ئۇتتى كىنو لېنتىسىدەك،
ئۇنىڭ باش-ئاخىرى بار، سوزدە تەرتىپ.

كوزىگە ياش ئېلىپ لاۋچېن شۇ ئاندا،
تىلى "شيې-شيې①!..."—دىيەلىدى ئاراندا.

---

① شيې-شيې — رەهمەت دىگەن مەنىدە.

* * *

كېسەك چاچ بەش ياشار قىزدىن ھەلىمە
سوراپ قالدى: "قىزىم كەل، ئىسمىڭ نىمە؟
دىدى: "لى لى"، يەنە سورىغانىدا: "لى لى".
كۈلۈشتى زوقلىنىپ ھۇسەن، گۈلپىيە...

ئۈچىنچى قىزچىغى گۈلپىيە ئەمدى،
لى لىغا ئىچىكىپ ئويناشقا كوندى.
تاماقنى بىللە يەيدۇ ئولتۇرۇپ تەڭ،
لى لىنىڭمۇ شۇڭا كوڭلى سۆيۈندى.

ھەلىمە قىلدى تەخ لى لىغا سەينى...،
يۇيۇپ پاكىز قۇرۇتتى ئىككى خەينى.
بولۇپ قالدى بۇ ئويىنىڭمۇ چىراغى —
خوشال لى لى، كۈلۈپ تۇرغاچ بەئەينى.

بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى "لى لى" — دىيىشتى،
بۇ قىزنى ئۆزىگە پەرزەنت بىلىشتى.
تۇرۇپمۇ كەتتى لى لى ئورنىدىن دەس،
كىچىك-چوڭ ئوينىشىپ چاخچاق قىلىشتى.

## يەتتىنچى باپ

## تەشەككۈر

قىزغىن پاراڭ بولدى شۇ كۈن ئاخشىمى،
سوز تۈگەمدۇ ئۇچراشتۇرسا ياخشىنى؟
لاۋچېن ئېلىپ كەتمەك بولدى قىزنى،
سەۋەپ قىلىپ تېرىلغۇنىڭ ۋاقتىنى.

چىدامدۇ ئايرىلىشقا بۇ ھەلىمە؟
كوزنى نەملىدى ياشتىن گۈلپىيە.
ئۇماق لى لى تۇرۇپ قالدى خىجالەت،
ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە.

ھۇسەن شۇ چاغدا مۇنداق دىدى: "لاۋچېن،
بازار — قەشقەر يېقىن بىزگە ئەزەلدىن.
بېرىپ تەكشۈرتىلى دوختۇرغا قىزنى،
لى لى بولسۇن ئاۋال ساغلام بەدەندىن!"

دىدى لاۋچېن: "تېرىلغۇ ۋاقتى ھازىر،
تۇرۇپ قالساق يېتەر ئىشلارغا تەسىر.
قىزىمنى يېتىلەپ يوقلاپ تۇرارمەن،
ۋاقىت — ئاققان ئېقىن، قىلايلى تەخىر!..."

ھۇسەننىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇ
دىدى: "تەقدىرىمىز بىر ھەر زاماندا.

شانلىق پارتىيە بەردى بەخت-سائادەت،
شۇڭا تۇرغان قىزىم سىزدە سالامەت.
باھار نۇرىغا تولغان بۇ زامانە،
تامام خەلقلەرگە جەننەت-پاراغەت.

قىزىم لى لى يەنە سىزلەرگە پەرزەند،
شۇنىڭچۇن ھەممىمىز ئوخشاشلا خۇرسەند.
ئازاتلىق ئارمىيە، ئەمگەكچى خەلقلەر
گىگانت ئادەم كەبى بىر گەۋدىگە بەند".

ھۇسەن ئېيتتى: "تېگىشلىك بۇرچىمىز بۇ،
جىپىاگجۇنگە تۇتاش چىڭ قەلبىمىز بۇ.
بۇ بولسا ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجى،
كۈرەشچان ئىز باسارلار—بەختىمىز بۇ!"

تۇتاشتى ئىككى دىلنىڭ رىشتىسى چىڭ،
پولات زەنجىردىن ئارتۇق ھەسسىسى مىڭ.
ئۈزەلمەيدۇ ئۇنى ھەرقانچە قىلسا،
ياۋۇز دۇشمەن دىيەلمەس ئەمدى غىڭ-پىڭ!

شۇڭا لى لىمۇ خوش، لاۋچىنمۇ شەكسىز،
ئىنسانى مېھرىۋانلىق بىزدە چەكسىز.
ھۇسەندەك ئەمگەكچان دىخان ئونئوتماس—
جىيفاڭجۇننىڭ ئىسىل روھىنى ھەرگىز.

ھۇسەنمۇ گۇلپىيەنى قىلدى تەتە،
لى لىنىڭ ئويىگە قىلىشتى پەتە.
بۇ ئىككى ئائىلە بولدى ئىناق دوست،
ماڭار گۇلپىيە، لى لى بىرگە ئەتە...

## سەككىزىنچى باپ

## ئۆلگە

قانات يايدى پۈتۈن ئوتلاقىقا بۇ ھال،
قارار قىلغاچ ئۇنى داڭۋېيمۇ دەرھال.
ھۇسەندىن ئۆگىنىشكە جەڭچىلەر ھەم،
سەپەرۋەرلىككە كەلدى، بولدى خوشال.

ھۇسەننى ئۆلگە تىكلەپ ھەر كۈرەشتە،
بىلىن باغلاشتى ئۇندىن ئۆگىنىشكە.
ياڭراتتى ئىتتىپاقلىق ناخشىسىنى،
پۈتۈن ھەربى ۋە خەلقلەر بىر نىيەتتە:

* * *

ئېلىپ لى لىنى لاۋچېن چىقتى ئۆيىدىن،
پۈتۈن ئەزا يىغىلدى تۇشمۇ ـ تۇشتىن.
ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن قول ئېلىشتى،
جاراڭلاپ كەتتى تاغمۇ خوشلۇشۇشتىن.

لى لىغا قىلدى تەقدىم بىر گۈل دەستە،
يۈرەك گۈلزارىدىن شۇ ئان ھەلىمە.
ھۇسەن ئېيتتى: "بۇ دوستلۇق گۈلى مەڭگۈ —
ئوراپ تۇرسۇن ۋەتەننى گۈل ـ چىمەنگە!"

دىدى لاۋچېن ھۇسەنگە: "كېپىمىز گەپ،
بېرىڭلار بىزنى شىگچى كۈندە ئىزدەپ.
چوقۇم لى لى بىلەن بىزمۇ كېلەرمىز،
ئىناقلىق ئوزئارا ياشنايدۇ گۈللەپ".

* * *

زىرەك لى لىغا ئۇيغۇر تۇققان ئامراق،
ئۇلۇغ پارتىيە بولغاچ بەخت پارلاق.
ئەگەر دوستلۇق نۇر چاچمىغاندا،
لى لىنىڭ بولاتتى ھاياتى قانداق؟

گۈزەل قەشقەر قىزىنى نەزمىگە قاتتىم،
كۆئېنلۇن باغرىدىن — گۈلزار تارىمدىن.

ئۇمۇرۋايەت ۋەتەندە كۆيلىسەم ئازدۇر،
يېڭىلىق پەيزىدىن كوڭلۇم باھار - يازدۇر.
نىجات يۇلتۇزى — گۈگچەنداك زامانىدا،
ئېرىشكەن بەختىمىز - دەۋرانىمىز سازدۇر.

شۇ بەخت - ئىقبالىمىزنى كۆيلىگەن چاغدا،
كوز ئالدىمغا كېلەر قەشقەر قىزى باغدا.
تۇمەن مىڭ گۈلگە ئوخشاش گۈللىگەن، كۆلگەن
ئايالار گۈگشېدا، فابرىكىدا، تاغدا...

تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە — بىر يولدا،
ئۇگەنمەكتە ئىلىم - پەننى... تۇتۇپ قولدا.
زىرەك قەشقەر قىزى ئاتلاندى زور جەڭگە،
جاسارەت كورسىتىپ ھەر دەمدە باش رولدا.

قىزىل سەھنە قۇياشىنىڭ نۇرىغا تولغان،
زىيالى ئىشچى، دىخان سايرىشىپ تۇرغان.
بولۇپ مېھنەت - كۇرەشنىڭ باشچىسى دائىم،
ۋەتەننى، كەڭ جاھاننى يادىدا تۇتقان.

"ۋەتەن چېگراسىنى چىڭ قوغدايمىز،
ھەر مىللەت خەلقى چىندىن ئىتتىپاقمىز.
بۇ چېگرا رايوننى گۈللەندۇرۇشكە
قەدەملەر تاشلىدۇق ئالغا قاراپ بىز..."

## خاتىمە

تۇتۇپ بىز قولنى قولغا، ماڭدۇق ئالغا —
قىزىل تۇغ ئويىنىتىپ پارلاق نىشانغا.
ئازاتلىق ئارمىيە، خەلق قوش مېغىزدەك،
ئۇتەرمىز شات زامانلاردىن زامانغا.

1973 ـ يىلى كۈز، قەشقەر.

# قەشقەر قىزى

(داستان)

## مۇقەددىمە

يېقىن يولداش يۈرەك سازىم — دۇتارىمدىن،
زەپەر مارشى جاراڭلايدۇ باھارىمدىن.

شەرەپ بەرگەچكە شانلىق پارتىيە، خەلقىم،
بۈگۈن قەشقەر قىزى بولماقتا مىننەتدار.

## بىرىنچى باپ

ئەتىر چاچماقتا قوغۇنلار پىلەكلەردە،
چاۋاك چالماقتا ياپراقلار تېرەكلەردە.
بېدىش ئاستىغا توپلانغان ئەنە دىخان،
لاۋىلدايدۇ غەزەپ چوغدەك يۈرەكلەردە.

يىغىننى باشلىدى شۇجى شۇ سائەتتە،
دېدى ئۇ ئاخىرى بارلىق جامائەتكە:
"توكەر دۇردانە رەناگۈل شۇ مەيداندا،
سالايىلى بىر نەزەر دەرتىكە، سائادەتكە!"

چىقىپ كەلدى خوشال مۇنبەرگە بىر چوكان،
بويى غۇنچە، سوزى ئۇنچە، كوزى چولپان.
ئوراپ ئالغان قىزىل ياغلىق ئانار گۈلدەك،
سوزى چىقتى ئېتىلغاندەك گويا ۋولقان.

"ۋەتەن ساتقۇچ، مۇناپىق لىن بياۋ ئوغرى،
هالاكەت يولىغا ئىز سالدى توپ-توغرى.

ياراشقان ئاق خالات بىزنىڭ مۇنەۋۋەرگە،
كۆمۈش يىڭنە شىپا بولدى مۆزەپپەرگە.
ئۇچۇپ قۇشتەك ئېتىز ـ قىردا... بىرەر دورا،
سوغاق، ئىسسىق دىمەي مەجرۇھ ـ كېسەللەرگە.

ساۋادى بولمىغان ئۆتكەن زامانلاردىن،
يېتىشتى قانچە داشۆپىسك ئايالاردىن.
بۈگۈن بولدى خوجا دولەتكە ئەرلەردەك،
بوسۇپ چىققاچ بوران ـ چاپقۇن، شامالاردىن.

بىرى ساقچى، بىرى شوپۇر، بىرى كادىر،
يېتىشتى قانچە تەنھەركەتچى قىز ماھىر.
يېتەكلەپ تەربىيە بەرمەكتە ياشلارغا
مائارىپ بۈلبۈلىنىڭ كۆرمىگى ھازىر.

ئۇسۇپ چىقماقتا ھەر ياندا ئايال رەھبەر،
ۋەتەننى گۈللىتىشتە بولۇشۇپ قەيسەر.
قىزىل تۇغنى تۇتۇپ ئۇستۈن، بېسىپ ئالغا،
بولۇپ ئۇسمەكتە چىن باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر.

ئۇلاردىن قانچىسى كوممۇنىست، سەنئەتكار،
ۋەتەنگە، ئىنقىلاپقا سادىق ئىجاتكار.

غەزەپ-نەپرەتتىن ئۆزگە يوق ئىدى مىراس،
ئەجەل بوققان قېرىنداشتىن ياش ئەۋلاتقا.

زىمىن باينىڭ، ھوقۇق باينىڭ، چورۇق باينىڭ،
تۇلۇمدەك ئارغىماق ئاتلار — تورۇق باينىڭ.
مىسال سويغان پىيازدەك كەمبەغەل-يوقسۇل،
تېمى گۇلدار، ئويى چوغدەك، يورۇق باينىڭ.

پومىششىكنىڭ قولىدا قامچا ئوينايدۇ،
قازاندا گوش، يېغى كۈن-تۈنى قاينايدۇ.
تۇلۇم چاشقانغا ئوخشاش سەمرىگەن بايلار،
تىرىك ئادەمنى يەيدۇ، زادى تويمايدۇ.

* * *

ئەجەپ ۋەيرانە-ۋەيرانە چىلانلىق كەنت،
ئۇنىڭ باغرى گورىستان-قەۋرىلەرگە بەنت.
ئېرىق، زەيكەشتە دوڭغاق جىگدىدىن باشقا
كورۇنمەس بىر گىيا، بىر ئادىمى پەررىزەنت.

گادايلار يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن،
شەھەر ئاتلاپ، ئۇلۇغ سۇنى كېچىپ كەتكەن.
گودەكلەرنى بويۇنغا مىندۇرۇپ يولدا،
بوران، يامغۇر دىمەي چوللەر كېزىپ كەتكەن.

بالا ـ ئاپەتنى يۇكلەپ شىللىمىزغا ئۇ،
جاھالەت دەپ سوقۇپ تۇردى يۈرەك ـ كۆڭلى.

كىشىلىك ھەققىمىزنى چەيلىدى ئەبلەخ،
تارىخنى قارىلىدى نىجىس بەتبەخ.
ئۇنىڭ مەقسەت ـ نىشانى بىزگە مەلۇملۇق،
ۋەتەندە تىكلىمەكچى قاپ ـ قارا دەۋزەخ.

شاياتۇن ئىشلىدى سانسىز جىنايەتنى،
قىلىپ خەلققە ھىساپسىز نەق خىيانەتنى.
ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا مەن ئوقۇپ لەنەت،
ئاچاي قەلبىمدىكى دەرتتىن شىكايەتنى.

## ئىككىنچى باپ

كوزىگە ياش ئېلىپ ئەسلەندى رەناگۇل،
ئىدى بەش جان كىشىنىڭ ھەممىسى بىر قول.
يومىشىڭ ساقىنىڭ زۇلمى ئىدى دەھشەت،
شۇڭا ئەل ـ يۇرت كويۇپ، بولغان ئىدى بىر كۇل.

كۈن ئالماق تەس ئىدى يوقسۇلغا ـ نامراتقا،
تۇرۇپ بولمايتتى زادى نالە ـ پەرياتقا.

قوناق سوقۇلانغا ئوخشاش ئۆردى كالتەكلەپ،
پومىششىك غالچىسى — يۈزسىز چوماقچىلار.

سىزىپ چۇشتى قىزىل قان مەگزىنى بويلاپ،
بويالدى قانغا ئاپپاق چاچ، ساقال مويلاپ.
قىزىل قاندىن چېكىلدى كوينىگگە نەقىش،
كوتەردى باشنى توختاخۇن ئوزىنى رۇسلاپ.

دىدى شۇ ئاندا دۇشمەنگە: "يوقال مەككار!
ئاتار تاڭ بىزگىمۇ، زۇلۇم ياغمىغاي تەكرار.
ئۇنۇتما جان قىزىم سەن ئىنتىقام ئالغىن.
ئازاتلىق-بەخت ئۇچۇن بول جەگدە پىداكار!"

پومىششىك ساقى چىلبورە ئىدى ئىپلاس،
قىمارۋاز، مولللارغا باغلىغان ئىخلاس.
بوزەك ئەتكەن قىلىپ توھمەت، غىرىپلارنى،
چىلانلىقتا ئوزىنى چاغلىغان يولۋاس.

يېشى سەككىزگە توشقان مەسۇمە قىزچاق،
كورۇندى ساقىنىڭ ئالدىدا بىر "قوچاق".
نەپەستىن قالدى توختاخۇن شۇ سائەتتە،
بولۇشتى ئوغرىلار قىزنى بۇلاپ قاچماق.

چىلانلىقتا توختاخۇنلار قېلىپ قالدى،
سەۋەپ: پەرزەنتلىرى ئۇچكە يېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە توختاخۇن كېسەل قاتتىق،
قىيامەت بېشىغا كەلگەچ قېتىپ قالدى.

ياتاتتى بۇ كېسەلنىڭ كوزى مولدۇرلەپ،
كىرىپ كەلدى پومىششىك ئويگە گۇلدۇرلەپ.
يالاقچى موللا توختاخۇننى بىر تەپتى،
گويا ئاسمان يىقىلدى يەرگە گۇمبۇرلەپ.

پومىششىك چىقىراپ: قەرزنى تولە! — دەيدۇ،
يالاقچىغا قاراپ: "تېز بول، يولە! — دەيدۇ.
"قىزىڭ رەنانى بەر قەرزىڭ ھىساۋىغا، —
دىسەڭ ياق! زىندانىمغا كىر-ئولە!" — دەيدۇ.

كېسەل قوپتى، قولىغا ئالدى بىر تاشنى،
كۇچەپ ئاتتى تازا چەنلەپ يوغان باشنى.
يۇزى قانلىق پومىششىك قالدى ۋاي-ۋايلاپ،
يالاقچى سۇرتتى قولدا قان بىلەن ياشنى.

ئېتىلدى بورىدەك ئەمدى قاراقچىلار،
يېپىشتى توختاخۇنغا يالاقچىلار.

قايان كەتتىڭ قىزىم رەنا، ئاتاڭ ئۆلسە؟
ئاناڭغا خۇددى زىنداندەك جاھان بولدى.

كوزۇم ياش بىلەن تولدى سۈسىز دەريا،
قەيەرگە غايىپ بولدۇڭ ئەي گۈلۈم رەنا؟
يۇتۇپ كەتتى سېنى قايسى قاۋان-يىرتقۇچ؟
جېنىڭغا سالدىمۇ چاڭ ئەزرائىل تەرسا؟!

سېنىڭ ئىككى ئاكاڭنى ھەپسىگە ئالدى،
گۇنايى: 'ساقى بايغا ياندى-تىل سالدى'.
ئاتاڭ ئۆلسە، يوقالساڭ سەن گۈلۈم رەنا،
ئاناڭ قانداق چىدالايدۇ؟ جان ئاز قالدى!"

چىقىپ شەرۋانىخان كولگە مېڭىپ كەتتى،
ئۆزى ئويچـان ئىگىز دوڭگە كېلىپ يەتتى.
ئۇنىڭ قەلبىدە ياندى ئىنتىقام-يالقۇن،
كۆرەش ئىچرە ئۆلۈمنى يېڭىپ كەتتى...

پىشايۋان ھويلىغا كىردى قارا تۈندە،
ئېغىلدىن چىقتى رەناگۈل توكۇپ يۈندە.
— قىزىم رەنامۇ سەن؟
— ئانا، جېنىم ئانا...
كورۈشتى قىز، ئانا ئۇھ! — دەپ غېرىپ تۈندە.

دېدى ساقى: "بۇ قىزنى ئاتقا ئال ھازىر!
بۇ گۈلگە ساقلىغانمەن كوك يېمىش، گازىر..."
ئېتىلغاندەك گويا توشقانغا بوز لاچىن،
يۈگۈردى قىزنى قوغلاپ غالچىلار غالجىر.

كوزىدىن ئاقتى قىزنىڭ سەل كەبى ياش-قان،
بۇلانماققا رىزالىق بەرمىدى ۋىجدان.
چىشنى ئەيلىدى ئامبۇر نىجىس قولغا،
تېپىرلاپ ياندى بىر غالچا، دېدى: "ۋايجان!"

ھۇجۇم قىلدى مۇناپىقلار كېلىپ تېزدىن،
ئېلىپ ئاتقا، كوكۈلنى تىنجىتىپ قىزدىن.
خارابە ئويدە قالدۇردى بۇ مەرھۇمنى،
نىشانە يوق ئىدى ئاتتىن بولەك ئىزدىن.

كېلىپ شەرۋانىخان چولدىن كىرىپ ئويگە،
كىرىپ قالغانغا ئوخشاش بولدى بىر گورگە.
كورۇپ مەرھۇمنى شۇ ئان نەپرىتى ئورلەپ،
ئوزىنى تاشلىماق بولدى شۇ چاغ كولگە.

دېدى شەرۋانىخان: "زۇلمەت زامان بولدى،
تامامى كەمبەغەل ھالى يامان بولدى.

بۇ ھالنى ئاڭلىغان شەرۋانىخان، رەنا،
چىقاردى ئۆز ئۆيىچە توغرا بىر مەنا.
ئۇزۇن يوللارنى ماڭدى ئاچۇ-زار، ھالسىز،
بېشىغا چۈشسمۇ تاغ قىلمىدى پەرۋا.

كورۇشتى ئۆزلىرىنى ئەمدى ھېيتكادا،
كوزى چۈشتى تىلەمچى، پالچى، مەدداغا...
پەرەنجە ئارتىشىپ ماڭغان جۇۋان-چوكان،
تىكەنگە دەسسگەندەك مېڭىشار يولدا.

جىرىڭلاپ مەپىلەر چاپماقتا ھەر يانغا،
نەزەر سالمايتتى بايلار يوقسۇل ئىنسانغا.
ئوغۇل-قىزلار چاپاتتى كەينىدىن "پۇل"—دەپ،
قالاتتى مەپىنىڭ ئاستىدىكى چاڭدا.

دىدى ھەر بىر ئىشكىنىڭ ئالدىدا "ھەق دوس!"
يىدى شەرۋانىخان نان ئورنىغا ئەپسۇس
قىزى ئويلار: "ئازاپ بىزگە، راھەت بايغا.
ئۇلەشتۇرگەن بۇنى قانداق كىشى مەخسۇس؟"

ئېلىپ ياندى يوغان دەرۋازىدىن دەشنام،
كوزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ئۆتتى كوپ ئاخشام.

يېقىشتى ئارقا تامدىن ھويلىغا ئوتنى،
كورۇشتى كوك-پەلەككە ئورلىگەن دۇتنى...
كومۇپ قويدى جەسەتنى تېزلا قۇملۇققا،
چىقىپ كەتتى بۇ يۇرتتىن تارتىشىپ پۇتنى.

چىلانلىققا قورال تەڭلەپ چېرىك كەلدى،
بولۇپ ساقى چېرىكلەرگە شىرىك كەلدى.
تاپالماستىن "قىساسكار"نى قېزىپ كەتتى،
چېرىكلەر لەگزىگە قوي يەپ تىرىك كەلدى.

## ئۇچىنچى باپ

نىجات ئىزدەپ راۋان بولدى ئۇلار يولغا،
ياياق... نان يوق...
تۇتۇپ ماڭغان، تاياق قولغا.
كېزىپ قۇملۇق باياۋان-چولنى، شورلۇقنى،
تېرىپ يەپ قاغا جىگدە كەلدى تازغۇنغا.

بۇ يەردە بار ئىدى مامۇت دىگەن زالىم،
شورايتنى كەمبەغەللەرنى ئۇ ھەر دائىم.
كۇچۇكنى ئەمدۇرۇپ ئادەمگە داڭ چىققان،
ئوزى ئىشرەتپەرەس، دىندار، زەھەر "ئالىم".

قوشۇلدى نۇرغۇن ئاكتىپلار قاتارىغا،
ۋەكىل سايلاندى رەنا كوكرىگىدە گۈل.

كۇرەشتە ئېيتتى رەناگۇلمۇ ئەۋزىيەت،
زومىگەر ساقىغا سالدى ئېغىر دەھشەت.
پۇخادىن چىقتى دەرتمەنلەر توكۇپ دەرتنى،
كويۇپ تىلخەت-ۋەسىقە، بولدى كۇل "ھوججەت".

زومىگەر ساقىنىڭ خوپ چىقتى رەسۋاسى،
چۇۋۇپ تاشلاندى بوھتان، پىتنە-ئىغۋاسى.
"يوقالسۇن زومىگەر ئەبلەخ!"—دىدى ئامما،
راسا تەگدى پومىشىكلارغا پەشۋاسى.

زامان ئۆزگەردى تۇپتىن، بولدى دىل روشەن،
چىقىلدى نەچچە مىڭ يىللىق قۇللۇق كىشەن.
قۇرۇلغاچ ئىشچى، دىخانىنىڭ پولات تەختى،
پۇتۇن ئەمگەكچى خەلقلەر، يەر-زىمىن خۇرسەن.

ئۇلۇغ كومپارتىيىنىڭ گۇل باھارىدىن،
يىدى كوپلەر كۇرەش مىۋە-ئانارىدىن.
پومىشىك زومىگەرلەرنى ئۇجۇقتۇرغاچ،
چىقىشتى كەمبەغەل—قۇللار خۇمارىدىن.

كېزىك بولغان بىلەن شەرۋانىخان ياتتى،
ئېلىپ كەتتى ئەجەل دەرگاھىغا ئۇلدام.

تالادا قالدى رەناگۈل ئۆزى يالغۇز،
تېرىپ يەپ ئۈژمە، جىگدە ھەم بىدە، يالپۇز...
كۈنى ئۆتتى ئۇنىڭ ئىتتىنمۇ بەتتەررەك،
قىيامەتتەك ئۆتۈپ تۇردى ئاڭا كۈندۈز.

## تونىنچى باپ

قىزاردى شەرق، پۈتۈن مەزلۇمغا تاڭ ئاتتى،
پومىششىك ساقى بايلارنىڭ بېشى قاتتى.
ئەزىز قەشقەر قۇچاغىغا باھار كەلدى،
شۇڭا ئاسمانغا بوكنى خەلق ئىگىز ئاتتى.

قىزىل بايراق لەپىلدەپ قىلدى شوخ جەۋلان،
قۇياشنىڭ نۇرىغا چومدى تولۇق ھەر يان.
كوتەردى قەددىنى يوقسۇل-ئېزىلگەنلەر،
جاۋاپكارلىقا تارتىلدى ياۋۇز شەيتان.

شەھەردىن كەلتۈرۈلدى غۇنچە رەناگۈل،
چىلانلىق باغدا سايراشتى خوشال بۇلبۇل.

ئۈرەك قازماقتا رەناگۈل تۇرۇپ قاتتىق،
چىقىپ كەلمەكتە دوگدىن بىر يىگىت ئاتلىق.
ئۇنى قارشى ئېلىپ چالدى چاۋاك ھەممە،
زىمىننى قاپلىغاندەك بولدى زور شاتلىق.

ئۇ ــ جىپىغاگجۇن يىگىت، سۇلتان ئىدى ئىسمى،
ئىگىز بويلۇق، كېلىشكەن قامىتى-جىسمى.
ئېلىپ كەلدى قەدىردانلار ئۇنى باشلاپ،
كورۇپ توختاتتى رەناگۈل شۇ ئان ئىشنى.

دىدى: سىگلىم! ــ كوزىگە ياش ئېلىپ سۇلتان،
ــ ئاكام سىزمۇ؟... ــ دىدى رەنا بولۇپ ھەيران.
كورۇشتى قانچە يىل ئۇچراشمىغان تۇققان
گۈزەل-نۇرانە دەۋرىدىن بولۇپ شادمان.

كوچەت مەيدانى بايرامدەك ئېلىپ بىر تۇس،
سوقۇشقا باشلىدى بارلىق يۇرەكلەر چۇس.
ھىكايە قىلدى سۇلتان سەرگۈزەشتىدىن:
ــ پومىششىك ساقلار قىلغان مېنى مەھبۇس.

ئاكامنى ئۇلتۇرۇشتى جادىدا توغراپ،
سولاپ قويغان مېنى زەنجىر بىلەن باغلاپ.

چىلانلىقتا قىزىپ كەتتى كۈرەش، مېھنەت،
تېپىپ تەشكىللىنىشكە ياخشى بىر پۇرسەت.
قىزىل تۇغ ئاستىدا ئاتلاندى زور جەڭگە
ۋەتەنپەرۋەر دېخانلار قىلىشىپ جۈرئەت.

قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلاندى رەناگۈل،
شەرەپلىك پارتىيە كورسەتكەچكە داغدام يول.
ئېرىشتى ماركسىزىملىق بۈيۈك ئاڭغا،
بولۇپ خەلقىنىڭ ئىشىغا ئەمدى چىڭ مەسئۇل.

ئېچىلدى خەت ساۋادى، ئالدى تەربىيە،
شەرەپلىك قوينىغا ئالدى كومپارتىيە.
چىلانلىقتا قىزىلگۈللەر پۇراق چاچتى،
كۈرەش باتۇرلىرى كۈيلەيدۇ مەدھىيە.

## بەشىنچى باپ

ئۇچۇرماقتا بوران قۇمنى ئۇرۇپ كوزگە،
تىكەن سانچىپ ئۇتۇشمەكتە سوغاق يۈزگە.
كوچەت تىكمەكتە غەيرەتلىك ئايال-ئەرلەر،
ئېچىلغان كەڭ زېمىننىڭ كوكسىگە-تۈزگە.

كارامەت بەختلىك بىزلەر بۇ كۈنلەردە،
گۈلستان-باغ ياسايمىز دەشتى-چۆللەردە.
تەبىەتكە سىڭلىپ يۈگەن، يېتەكلەيمىز،
مول ھوسۇلغا قىلدۇق يۈرۈش كۈن-تۈنلەردە".

دېيىشتى بارچە ئەرلەر: "ئۆلگىمىز سىزلەر —
مېھنەتكە جان پىدا قىلغان خوتۇن-قىزلەر.
ئاياللار تەڭدىشى يوق قەھرىمان زور كۈچ،
قۇرارمىز يېڭى بىر گۈلشەننى تەڭ بىزلەر".

ئاياللارنى تىرىك تاپلار كورەتتى پەس،
كوتەردى قەددىنى ئەمدى ئۇلار ھەم دەس.
كۈرەشتە قەھرىمان، ئورماندا... باشلامچى،
كورۈنمەيدۇ ئۇلارغا تاغ كەبى ئىش تەس.

نەمۇنە بولدى رەناگۈل يەنە بىزگە،
ئۇ يەتكۈزدى جىرىم سانىنى بىر يۈزگە.
كوچەت قويدى ئۈچۈپ قۇشتەك، ئارام ئالماي،
توكۈشتە تەر ئەمەل قىلدى دىگەن سوزگە.

## ئالتىنچى باپ

كۈرەشلەردىن كۈرەشلەرگە زەپەر بويلاپ،
دىخانلار ئالغا باسماقتا راسا قايناپ.

تېشىپ تامنى قېچىپ چىقىپ قەپەزدىن مەن،
كورۇندى ماڭا شىڭشىڭشادا كۈن چاقناپ.

-

ئېلىپ قويىنىغا جىيفاڭجۈن، ھايات بەردى،
بېشىمنى سىلىدى ئالتۇن قانات بەردى.
خەۋەردار قىلدى سىڭلىمدىن مېنى تەشكىل،
ئۇلۇغ پارتىيە ــ شەپقەتچىم ناۋات بەردى.

كوزىدىن ياشنى سۇرتۇپ قويتى رەناگۇل،
"ياشا كومپارتىيە!" ــ دەپ ئۇ كوتەردى قول:
"ئەگەر بولمىسا پارتىيە، جەسۇر قوشۇن،
تاپالمايتتۇق بۇ بەختلىك ئۇچرىشىشقا يول.

پىشىپ ئوتتى ئۇرۇكلەر ئون ئىككى نوۋەت،
ئاكا ـ سىڭىل كورۇشتۇق، تەشكىلگە رەھمەت!
چىقارماستىن بۇ دەھشەتنى نەپەس ئەستىن،
ماڭىمىز پارتىيىگە ئەگىشىپ ئەبەت!"

*　　　*　　　*

جىرىم قويماقتا رەناگۇل يېڭى باقىقا،
نەزەر سالغاچ يىراقلارغا، چىقىپ تاقىقا.
دىدى ئۇ، ئوز ئوزىگە: "كەلگۈمىز پارلاق،
ئىشەنچ كامىل سوتسىيالىزىم قۇرماققا.

"ئۇلۇغ كومپارتىيە ياخشى، ئەجەپ ياخشى،
بۈگۈن بىزلەرگە كەلگەن بەخت-شەرەپ ياخشى.
ۋەتەننىڭ قوينى تولدى قىپ-قىزىل گۈلگە،
شەھەر، سەھرا ۋە يايلاق — ھەر تەرەپ ياخشى.

مۇقەددەس سوتسىيالىستىك ۋەتەن بىزگە،
كۈرەشتە يۈكلىگەن ئالى تەلەپ ياخشى.
قىزىل نۇرلارغا چۈمكەيمىز دالا-تاغنى...
قۇياش كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ياخشى!"

ئۇزاتتى ئاما رەناگۈلنى بىپىجىڭگە،
چىمەنزار پايتەختكە قىزغىن ھەۋەستە.
قىزىل چوغدەك گالستۇكلۇق ياش ئۇسمۇرلەر
تۇتۇشتى رەناگۈلگە غۇنچە-گۈل دەستە.

## خاتىمە

ئەزىم دەريا لېۋىدە شۇجى رەناگۈل،
ئاكا ياندىشى پولات شىجاڭ ۋە سۇلتان (قول).
قىزىل تۇققا تەلپۈنۈپ ئىيتماقتا مەدھىيە،
ئۇلارغا جور پۈتۈن ئاما — تۇمەن بۇلبۇل.

1974-يىل ئىيۇل — ئاۋغۇست، قەشقەر.

چىمەنلەر، گۈل-چېچەكلەر تەڭ ئېچىلغاندا،
كېلىپ قالدى بېيجىڭدىن خۇش خەۋەر ياڭراپ.

دېدى ئاپپاق ساقال بىر ئاقكوڭۈل دېخان:
"بېيجىڭ ياخشى، كېلىپتۇ بۇ خەۋەر ئوبدان.
بېرىپ كەلگىن پايتەختكە رەناگۈل،
سالام ئېيتقىن ئۇلۇغلارغا تۈمەن-چەندان.

قويدى يولغا پارتىيە مىللى سىياسەت،
ئۇنىڭ پارلاق نۇرىدا تاپتۇق سائادەت.
تېزدىن مانا چۆل بولدى بوستانلىق،
باراقسان گۈلگە تولدى تۈرلۈك سانائەت.

كورۇشسە يۈز قەھرىمانلار بىزگە ئىلھام،
يەنە گۈللەيدۇ ياشناپ ئېلىمىز ئىلدام.
ئالغاچ بارغىن پايتەختكە رەناگۈلۈم—
قەلبىمىزنىڭ ھورمىتىنى قىلىپ ئىنئام ...!"

راۋاپنى چالدى ھاشىم، داپنى مۇھەممەت،
ئۇسۇلغا چۈشتى ئايشەمگۈل بىلەن ھورمەت.
پۈتۈن ئەزا "ئومۇمى خور"غا بولدى جور،
غەزەل ئەۋجىگە رەناگۈل بىلەن جۈرئەت:

جاراڭلات ناخشىنى قۇربان قىزىل دەريا بويىدا سەن،
كۆيۈڭگە تەنتەنە قىلسۇن چىمەندە بۇلبۇلى گويا.

1974 — 1975 ـ يىل.

# جايتېرەككە[1] مەدھىيە

جايتېرەك، پەيزىك بولەك،
ياشنار سېنى كورگەن يۈرەك.
گۈلباھار قويىنىدا سەن،
كۆلمەكتىسەن گۈل ـ غۇنچىدەك.

ئىشلەيدىكەن دىخانلىرىڭ،
غەيرەت بىلەن چوكانلىرىڭ،
ياشلىرىڭ ـ پالۋانلىرىڭ،
دائىم ساڭا بولغاچ يولەك.

يەرلىرىڭ ئورمانغا باي،
قىلغاي ھەۋەس ئاسماندا ئاي،

① جايتېرەك — يەر ئىسمى.

# قىزىل دەريا كوۋرۇكىگە مەدھىيە

گۈزەل بىر تورغا ئوخشايدۇ بويى گۈلشەن قىزىل دەريا،
ئۇنىڭ ئىككى قاناتىنىڭ تامامى يەپ-يېشىل دۇنيا.

بىرى قەشقەر گۈلىستانى، بىرى پاختەكلە بوستانى،
ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر بويىدا لالە ھەم رەنا.

يېشىل بوستاندا ھەر ئاخشام چاراقلاپ نۇر چاچار يۇلتۇز —
سىمونت يول بويىغا قونغان چىراق گويا ئۇچار تۇرنا.

قىزىل دەريادىكى كوۋرۇك شۇ تورنىڭ تاجىغا تەمسىل،
تومۇر بېتونغا گۈل چەككەن جەسۇر ئىشچى يىگىت بەرنا.

شۇ كوۋرۇكتىن ئۆتەر ھەر كۈن خوشال پاختەكلە خەلقى ھەم،
يۈرەك مېھرى تېپىشىپ دەيدۇ: ياشا كومپارتىيە دانا!

قەدەمنى تېزلىتىپ ماڭدى بۈگۈن پاختەكلىمىز ئالغا،
قىلىپ ئەمگەكتە باتۇرلۇق، چومۇلگەچكە قىزىل نۇرغا.

بۇلبۇلۇڭ ـ سەنئەتچىلەر،
ساڭا بىز خىزمەتچىلەر،
سەندىن ئۆگەنمەك بولۇپ،
كەلگەن ئىدۇق بولغاچ كورەك.

بىزنى قىزغىن قولـلىدىڭ،
كوپ  ياردەمنى يوللىدىڭ،
ئىشىمىز تاپتى روناق،
بىزدىن ساڭا ئالقىش كېرەك.

1976 ـ يىل 9 ـ ماي، قاغىلىق.

## ۋەتەن ھەققىدە ناخشا

پارتىيە قويغان كوچەتمەن، سەندە ئۆستۇم ئانىجان،
ۋەتىنىم بەختىم مېنىڭ سەن، سەندە كۆلدۇم جانىجان.

سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا پارتىيەم بەردى نىشان،
مەن شۇ يولدا ئومۇرۋايەت توكمەن تەر ھەرقاچان.

سېنى گۈللەتمەك مۇرادىم، دىلدىكى ئەھدىم مېنىڭ،
ھەر جاپا ـ مۇشكۇلگە تەييار جەڭچىمەن، ئەي مېھرىۋان!

ياپ ـ يېشىل گۈلزارلىرىڭ
گوياكى ئالتۇن كېپىنەك.

بولدى بوستان جاڭگىلىڭ،
گوھەرگە تولدى چاڭگىلىڭ،
ئىشلىگەچ دولقۇن يېرىپ،
مېھنەت گۈلى ئاچتى چىچەك.

كومپارتىيە رەھبەرلىكى —
بولغاچقا زور غەمخورلۇغى،
چامدىدىڭ ئالغا قاراپ،
ئاچتى يۈزنى كېلىچەك.

كوپ زىيالى ياشلىرىڭ،
جەڭدە جەسۇر يولداشلىرىڭ،
ئاپتىۋىڭدا تاۋلىنىپ
ئۆسمەكتە ساغلام، شوخ ـ تېتىك.

چاچماقتا نۇر دىيەنچاڭ ساڭا،
يول باشلىغاچ بەنجاڭ ساڭا،
يېڭىلىقلار سەندە كوپ،
بولغاچ ئۆزەڭ بىر گاڭ بىلەك.

بۇ ئۇلۇغ قانۇن بىلەن گۈللەيدۇ تېز ئازات ۋەتەن،
چۈنكى بۇ قانۇنغا سادىق ئىشچى، دېخان — بارىمىز.

قىلىمىز ئىجرا ئۇنى قەتئىي داۋاملىق، تەل - توكۇس،
بىزگە بەرگەچكە مەدەت - ئىلھام گۈزەل ئىقبالىمىز.

1978 - يىل مارت.

# پارچە

شاقىراپ ئاقتى مېنىڭ دەريا كەبى ئىلھاملىرىم،
خەلقىمىزگە يادىكار بۇ سوغىتىم — ئىنئاملىرىم.

بىر كېرەكسىز تاشقا ئوخشايمەن قەلەم تەۋرەتمىسەم،
مەۋج ئۇرۇپ، تاغلار ئېشىپ ئاقسۇن يۈرەك قايناملىرىم.

1978 - يىل 22 - ماي.

گۈل ـ گۈلستان باغلىرىڭدا سېنى كۈيلەش زور شەرەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت قىپ ـ قىزىل چوغدەك ھامان.

مەدھىيەڭنى كۈيلىرىمدە ياڭرىتاي پەيزىم بىلەن،
جانىجان جۇڭگوم — ئېلىم سەن ياشنا ـ گۈللە ھەر زامان!

1977 ـ يىل 6 ـ مارت.

# ئاساسىي قانۇن — بەختنامىمىز

كەلدى مەيدانغا مۇبارەك بۇ يېڭى قانۇنىمىز،
ئەكس ئېتىلگەن بۇندا بىزنىڭ قەلبىمىز، ئارزۇيىمىز.

بىر يېڭى باھارغا كوچتۇق بۇ ئۇلۇغ قانۇن بىلەن،
باشلىغاچ بىزنى گۈزەل مەنزىلگە بۇ بايراغىمىز.

ئىشچى، دېھقان، جەڭچى — ئاما شات بولۇپ ئالقىشلىدۇق،
ھەر قۇرىدا پارلىغاچقا زور شەرەپ ۋە شانىمىز.

تاك ئېتىپ بىزنى چېكەلمەيدۇ رەقىبنىڭ شۇم قولى،
چىڭ پۇتۇلگەچ شۇ بۈيۈك قانۇنغا بىزنىڭ ئورنىمىز.

## قەد كوتەردى بۇ قوشۇن

سەھنىمىزدىن ياڭرىماقتا جانغا راھەت ناخشا ـ ساز،
پارتىيە كەلتۇردى قايتا بىزگە كوكلەم ـ مەڭگۇ ياز.

يازغۇچى، سەنئەتچىلەرنىڭ كوڭلى ئازادە بۇگۇن،
بارچە گۇل تەكشى ئېچىلدى قەد كوتەرگەچ بۇ قوشۇن.

1978 ـ يىل ئاپرېل ـ ماي، قەشقەر.

## مەكتتكە زىيارەت

(سىكىل)

### يولدا

مەن بۇ يولدا نەچچە ماڭدىم، تاڭ سەھەردىن كەچكىچە،
ناخشا توۋلاپ ھارمىدىم ھېچ مەنزىلىمگە يەتكىچە.

## قەشقەردە باھار

ئانارلىق باغدا سايرايدۇ كۆلۈپ كاككۇك باھار بولغاچ،
تۈمەن بۇلبۇل قانات قاقتى گۈلىستان لالىزار بولغاچ.

لەپىلدەر مەڭگۈ پامىرنىڭ بېشىدا قىپ-قىزىل بايراق،
ئۇلۇغ ۋەتەن قۇچاغىغا بەخت-ئامەت ياغار بولغاچ.

قۇياشتىن نۇر ئېمىپ قەشقەر پەلەككە ئۆچتى تۈلپاردەك،
زىمىستان چىللىماق بولغان زېمىنداش تارۇ-مار بولغاچ.

باھارنىڭ لەززىتىدىن جان سۆيۈندى، ياشنىدى قەشقەر،
ئەزىز جۇڭخۇا-ۋەتەننى گۈللىتىش بىزگە شوئار بولغاچ.

جاسارەتكە تولۇپ قەشقەر داۋاملىق ئالغا ئۇچماقتا،
ئورۇنلاپ يېڭى گۈيخۇانى نىشانغا تېز بارار بولغاچ.

1978 - يىل ئاپرېل — ماي، قەشقەر.

گۈڭشې ـ دۆلەتلەردە جاراڭلايدۇ يەنە لابالىرى،
ناخشىلار كوكنى يېرىپ ئۇ چەتكىچە ـ بۇ چەتكىچە.

ئاپتوۋۇزدا بىزنى كورگەن بەختىيار ياش غۇنچىلار
سەكرىشىپ: "خۇش كېپسلەر!" ـــ دېيىشتى بىزلەر ئۆتكىچە.

ۋەلىسىپتى قىردا تۇرار، ئۇزلىرى ئۇستەك چاپار،
پەھلىۋان قىزلار ـ يىگىتلەر ئىش پىلاندىن ئاشقىچە.

گۈڭشې ـ دۆلەتلەرنىڭ يولى چوللەرگىمۇ يايغان غۇلاچ،
ھىچ كىشى ئازماي بارار ماڭغاندا ھەم تاڭ ئاتقىچە.

مەن خوشال بولدۇم كورۇپ يول ئۇستىدە خوش مەنزىرە،
پارتىيىگە، دىلدا مەن ھەشقاللا! ـــ دەيمەن قانغىچە.

كوممۇنىزىم گۈلشىنى بۇ چوڭ سەپەرنىڭ مەنزىلى،
ئالغا ئۇرلەيمەن كۆرەشتە سوڭ نەپەستىن قالغىچە.

## گۈزەل مەكت

باغرى گويا بىر شاخمات تاختىسى،
گوھەردىن ئىسىل ئانا ۋەتەنىنىڭ.
باھار قوينىدا ياشنىدى گۈللەپ،
شۇ ئۇلۇغ ئەلنىڭ ھەر بىر پارچىسى.

* * *

ھەر قېتىم بارغاندا كوردۇم كوپلىگەن زور ئۆزگىرىش،
شەھرى قەشقەردىن چىقىپ مەن قاغىلىق، مەكىتكىچە.

بىر بىردىن شۇنچە ياخشى ھەم گۈزەل ھەر ناھىيە،
ھوسنى جەلپ قىلدى مېنى بەك يوللىردىن ئۆتكىچە.

قايسىبىر گۇڭشېغا بارسام يوللىرى شۇنداق ئېسىل،
نۇر چېچىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىرىغى ئەل ياتقىچە.

يوللىرى ئازادە-كەڭرى، ئىككى يان سانجاق دەرەخ،
قىلمىدىم ھېس قىلچە ھارغىنلىقنى ئۆيگە يانغىچە.

ئۇ تەرەپتە مايسىزارلىق، بۇ تەرەپتە پاختىزار،
ئىشلىمەكتە قەھرىمان دىخانلىرى تەر ئاققىچە.

گاھ يېشىل، گاھ ساپ-سېرىق رەڭلەردە ئورمان بەلۋىغى،
ئوتلىشار ئەتراپىدا مال-چارۋىلار كۈن پاتقىچە.

كۈزگى بۇغدايلار تېرىلغان شۇنچە رەتلىك ھەم قويۇق،
كانجىلانغان مايسىلار مەخمەلگە ئوخشاش باشقىچە.

گۈكىرەپ چاپقان تىراكتور يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرار،
ئالدىرايدۇ مول ھوسۇلنى كەلگۈسى كورسەتكىچە.

ئاسمان پەلەك بوي تارتىپتۇ ئورمانلىرى،
بەقىسەم تون يارىشىپتۇ يەرگە پۈتۈن.

شاقىرايدۇ سۈزۈك سۇلار ئويناپ ئېقىپ،
پىقىرايدۇ سۇ كۆچىدىن تومۇر چاقلار.
كۆمۈش سىملار ھەر تەرەپكە يايغان غولاچ،
توت ئەتراپنى يورۇتماقتا سىم چىراقلار.

ئالتۇن چىراق نۇرلار چاچقان تۈنجى ئاخشام،
بۇ چەت يېزا قۇچىغىدا بولدى بايرام.
قىزىپ كەتتى ئېتىزلىقتا يېڭى مەشرەپ،
ھەر بىر ئەزا قىلدى بەزمە خوشال-خورام.

ئۇزۇن زامان ساپال چىراق ياققان ئويلەر
ئېلېكتىرنىڭ يورۇغىنى كوردى ئەمدى.
مۇشەققەتنىڭ راھىتىنى كورگەن ئاما،
يېڭى جەڭگە قەدەم قويدى تۇرۇپ يەڭنى.

دەۋرىمىزگە رەھمەت ئوقۇپ ئۇيغۇر خەلقى،
قىزىل تۇغنى ئېگىز تۇتۇپ ماڭدۇق ئالغا.
بولار ئەمدى گۈل-گۈلىستان تەكلىماكان،
بۇ كۆرەشتە چومۇپ چەكسىز شەرەپ-شانغا.

بۇ ھور زامانىنىڭ بولۇپ كۆيچىسى،
مەن سېنى كوردۇم ئەي، گۈزەل مەكىت.
بولۇپ سەن ھازىر گۈلزار ۋەتەنىنىڭ —
شۇنداق چىرايلىق قىزىل غۇنچىسى.

كاككۇكلىرىڭنىڭ ياڭراق ناخشىسى
بوستانلىرىڭدىن يەتتى قۇلاقا؛
سەن بولغاچ بۈگۈن باھار چېغىنىڭ
رەڭدار گۈلگە تولغان باغچىسى.

ھەر يان سوزۇلغان ئۇستەڭ شاخچىسى،
دولان دەرياسى شوخ ئاقار ئويناپ.
شاۋقۇنلاۋاتقان ئالتۇن دېڭىزلار
قوش مول ھوسۇلنىڭ بوپتۇ جارچىسى.

باغلىرىڭدا بار كۆلى ئالمىسى،
جانان چىنىدەك ھەر بىر دانىسى.
يېڭىلىقلارنى قىلماقتا ئىجات
قوينۇڭدا سېنىڭ خەلق ئاممىسى.

## غازكولدە نۇر

باھار قايتا قونغاچ چەكسىز قۇچىغىغا،
بىر چىرايلىق- ياسىنىپتۇ غازكول بۈگۈن.

بۇرۇنقى شور جاڭگال كىيدى كىمخاپ تون،
بىز تىككەن كوچەتتىن ياسالدى ئورمان.
بۇغدايلار ئاجايىپ ئوخشىدى بۇندا،
خامانلار يەتتە قات كوككە تاقاشقان.

ئاق ئالتۇن كۆلگۈنچەك قىزلارغا ئوخشاش،
بىپايان ئېتىزدا گۈللىگەن تەكشى.
ئاشلىقنىڭ كانى دەپ ئاتالدى بۇ جاي،
بولغاچقا سۇيى مول، ئىش-ئەمگەك ياخشى.

نەسىللىك چارۋىلار ماڭار ئىغاڭلاپ،
ئودەكلەر غاقىلداپ ئۈزۈشەر ئويناپ.
ئويىنىسا كوللەردە كۈمۈش بېلىقلار،
ئوتلايدۇ قويلىرى ئوتلاقتا يايراپ.

نۇر چاچتى مەكتىكە سوتسىيالىزىم،
شۇ قىزىل قۇياشنىڭ ئەۋزەللىگى بۇ.
ئۇلۇغۋار پارتىيە باشلىغان يولدا،
بىز قىلغان كۈرەشنىڭ گۈزەللىگى بۇ.

1978 - يىل ئىيۇل — ئاۋغۇست، مەكىت.

# زور ئۇزگىرىش

ئۇتمۇشتە بۇ جايلار باياۋان ئىدى،
ئىنسانىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن، شورلۇق.
مەھەللە، ئۇيلەرمۇ تارىقاي ئىدى،
سۇسىزلىق ھەممىگە يەتكۇزگەن خورلۇق.

تيەنشەنمىن ئۇستىگە چىقتى قىزىل توغ،
باھارنىڭ پەيزىگە چومدى يۇرتىمىز.
سۇيۇملۇك جيىفاڭجۇن بىزگە سۇ بەردى،
پەلەكنى قاپلىدى شۇ چاغ كۇلكىمىز.

مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ قىلدۇق جەڭ،
ياسىدۇق تاغ يىرىپ، تاش تىزىپ ئۇستەڭ.
مەلىمىز ئالدىدىن ئاقتى سۇزۇك سۇ،
ئادەممۇ، ھايۋانمۇ قاندى سۇغا كەڭ.

ئېتىزلار قاغجىراپ يېرىلماس ئەمدى،
كىشىلەر سۇ ئۇچۇن چەكمەيدۇ پىغان.
بىز قۇرغان "سۇغۇچاق سۇ ئامبىرى"غا
كىملەر بار زوق بىلەن قاراشمايدىغان؟

# بەتقلىق بولـماق بالام

سىزگە مەن ئېيتاي بالام، كوڭلۈمدىكى بىر نەرسىنى،
ئەستە ساقلاڭ ئاتىڭىزنىڭ بۇ نەسىھەت دەرسىنى.

بىز بۇ هور-ئازات زاماندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوغۇل،
تېز كېتىپ بارغان ماشىنا-هارۋىغا چاپماق ئۇدۇل!

خاه تىراكتۇر، خاه ماشىنىغا ئېسىلماق سىز پەقەت،
ماڭىمىز پىيادە يولدا — ئوڭ تەرەپتە رەتمۇ-رەت.

يولدا كورگەنسىز كوچەتلەر خۇددى باغنىڭ ئۆزىدەك،
ئۇشتىماق بىر تال شېخىنى، بولماق هەرگىز ئۆزگىدەك.

بۇ كوچەتلەر گۈل-گۈلستان شەهرىمىزنىڭ زىننىتى،
ئاسرىماق هەر بىر كوچەتنى ياخشى ئۇسمۇر خىسلىتى.

كوردىڭىزمۇ هەر كوچەتكە تارتىلىپ كەتكەن بۇ سىم،
شەهرىمىزنىڭ كوچىسىنى يورۇتۇپ تۇرغاي مۇقىم.

تاش چىگىلگەن يىپنى ئاتماق سىمتاناپقا ئۈينىشىپ،
بېشىڭىزغا چۈشسە بۇ تاش يىغلىغايسىز دومسىيىپ.

# ياشا مەڭگۈ ئۇلۇغ جۇڭگو

ساڭا بەردىم ۋەتەن مەڭگۈ مۇھەببەت ـ ئىختىيارىمنى،
قىلاي تەقدىم ئۇمۇرۋايەت ھاياتىم ـ ئىقتىدارىمنى.

سېنى گۈللەندۈرۈش، كۈيلەش مۇقەددەس بۇرچىمىز بىزنىڭ،
ساڭا ئىشلەش بىلەن تاپتىم ھەقىقى ئېتىۋارىمنى.

شەھەر، قىشلاقلىرىڭ بوستان، ئېدىر، يايلاقلىرىڭ گۈلزار،
سۆيەرمەن خۇددى جەننەتتىن گۈزەلرەك بۇ دىيارىمنى.

ئاجايىپ زور تەرەققىيات ـ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتىڭ سەن،
ئورۇنلايمەن ساڭا توھپە قوشۇش ئەھدى ـ قارارىمنى.

قۇرۇپ چىقماقچىمىز بىزلەر سېنى بۇ دەۋرگە لايىق،
گۈزەل كەلگۈسى ئىقبالىغا مۇناسىپ گۈلباھارىمنى.

ياشا مەڭگۈ ئۇلۇغ جۇڭگو ــ قۇياشلىق گۈل ـ گۈلىستانىم!
سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭ بەختىم، ياقاي كەڭرى چىراغىڭنى!

1978 ـ يىل 14 ـ سېنتەبىر.

گۈزەل جۇڭخۇا ئىشقىدا مەن ئوت بولۇپ ياندىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەر - جەڭگە ئاتلاندىم،
بىر جەڭچىمەن، قوينۇڭدا گاڭ بولۇپ تاۋلاندىم،
گۈللە، يۈكسەل قۇياش كەبى نۇر چىراغىم سەن.

1978 - يىل 9 - دېكابىر.

# قەسەمنامە

(مۇسەممەن)

جاھاننىڭ جەننىتى جۇڭگو نەمۇنە سەن نازاكەتتە،
گۈزەل باغرىڭ گويا ئايدەك غۇبارسىزدۇر ئازاپەتتە،
پۈتۈن دۇنيادا مەشھۇر سەن ئىجادىيەت، ماھارەتتە،
تونۇلدۇڭ قەھرىمان ئەل دەپ كۈرەش، مېھنەت - جاسارەتتە،
قۇياشلىق ئەل بولۇپ قالدىڭ بۈگۈن سەن ھور - سائادەتتە،
ياشاپ كەلمەكتە پەرزەندىڭ سېنى گۈللەپ پاراغەتتە،
ئىچىلماقتا ئىلىم - پەننىڭ سىرى بىزنىڭ پاراسەتتە،
قۇرارمىز بىز سېنى "توتتە" كامال تاپقان قىياپەتتە.

كۆلۈپ خۇش خۇيلۇغۇڭ بىرلە قىزىل گۈلدەك چىراي ئاچتىڭ،
مېڭىپ مەردانە يۈكسەككە كۈرەشتە تاغ - داۋان ئاشتىڭ،

بەزىبىر بالىلارنى دوراپ بەتقىلىق بولماق بالام،
ئۆزىڭىزنى كوممۇنىستىك روھ بىلەن تاۋلاڭ بالام.

ئۈگىنەيلى ياخشى ئىشنى بىزمۇ لېي فېڭدىن ھامان!
سىز بولۇڭ بۇ دەۋرىمىز سېپىدىكى ياش قەھرىمان!

1978 ـ يىل سېنتەبىر.

## ۋەتەن ئىشقى
### (ناخشا تېكىستى)

مېھرى ئىسسىق مېرىۋانىم، دىل ئارامىم سەن،
جانغا راھەت غەمگۇزارىم، جانىجانىم سەن،
مىسلى جەننەت گۈلىستانىم، ھور دىيارىم سەن،
كۈچكە تولغان پەھلىۋانىم، ئارسلانىم سەن.

قىزىلگۈلگە پۈركەنگەن كەڭ گۈزەل باغلىرىڭ،
ئالتۇن، كۈمۈش، مەدەنگە باي بارلىق تاغلىرىڭ،
ھەر يۈرەكنى مەپتۇن قىلار باھار چاغلىرىڭ،
بىر جەگچىمەن، كۈيلە ئەلنى ئەي دۇتارىم سەن.

ۋەتەن ئىشقى كوڭۇللەردە ئۇرۇپ تۇرماقتا ھەر دەم جۇش،
بۇ جەڭدە بىز شۇڭا غالىپ، كۆرەشكەچ زور شىجائەتتە،
كىمكى ئۈينىسا ئوتنى، ئۆزى قالغاي ھالاكەتتە.

گۈلىستان تۇپرىقىنىڭ ئالتۇن، گوھەر كوزدەكلا ئاسرايمىز،
گۈزەل توت پاسىللىقنى چىنىڭ ھەممىشە ياخشى ساقلايمىز،
تىكىپ بۇ جاننى تۈز كورغا، سىنىڭ بەختىڭنى ياقلايمىز،
تورەلگەن چاغدا بىز بەرگەن قەسەمنى راستلا ئاقلايمىز،
ئەگەر قىلسا خىرىس يولۋاس، قىرىشقا ئالغا چامدايمىز،
مىجىپ، دەسسەپ شۇ مەيداندا ياۋۇزنى تېز پاچاقلايمىز،
ۋەتەننىڭ شەۋكىتى-شانى ئۇلۇغ بىزگە داۋامەتتە،
ۋەتەن پەرزەندى بىر گەۋدە رىيازەتتە، ھالاۋەتتە!

ئەبەت ئۇچمەسكە مەشئەل سەن، ساڭا بىز مەڭگۈ پەرۋانە،
سىنى قوغداش ئۇچۇن جەڭدە باسارمىز ئالغا مەردانە،
پىشانە تەرلىرى بىرلە توكەرمىز ئۈنچە-دۇردانە،
ھاياتىمىز ساڭا تەقدىم سىنى گۈللەشكە ھەر بارە،
ساڭا مۇشت تەڭلىگەن ياۋنى قىلارمىز جەڭدە مىڭ پارە،
ساڭا يازدى بۇگۈن قۇربان يەنە قايتا قەسەمنامە،
داۋام گۈللە ئەزىز جۇڭگو، ئۇسۇپ، ياشناپ كارامەتتە!
مەدەتكار پارتىيەم باردۇر ساڭا ھەر دەم كاپالەتتە.

1979 - يىل 19 - فېۋرال، قەشقەر.

ئۇتۇق دەرياسىدا قايناپ، ئۈزۈپ ئۆركەشلىدىك ـ تاشتىك،
تىلەكداش دوستلىرىڭغا غەمگۈزارلىق ئۈنچىلەر چاچتىك،
جاھان مۇشتۇمزورىــنى چەكلەپ، بوزەكلەرگە قانات ياپتىك،
شۇڭا دۇنيادا نۇرغۇن دوست ـ ئىناق، ئامراق ئاداش تاپتىك،
سېنى قوللايدىغان ئەل كوپ، ئىشەنچلىك زور جامائەتــتە،
يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى رەقىپ تەلۋە خىجالەتتە.

ئۇلۇغ جۇڭگو ــ ئانا تۇپراق، سېنى بىز سۆيىمىز جاندىن،
يارالغان شۇ قىزىل بايراق توكۈلگەن قىپ ـ قىزىل قاندىن،
قايۇ ئەبلەخ ئالالايدۇ شۇ تۇغنى ئىشچى ـ دىخاندىن؟
رەقىپكە زادى بەرمەيمىز غېرىچ تۇپراقنى ھېچ ياندىن!
تام ئاتلاپ بىزمۇ كىرمەيمىز بولۇپ خوشنىغا "مېھمان"دىن،
ئەزەلدىن ئۇرمىدۇق لاپ گەپ، جۇدا بىز ھىلە، يالغاندىن!
يۇرەك ئارزۇيــمىز روشەن "بايانات"تا، سىياسەتتە،
ۋەتەنگە جان پىدا ھەر چاغ مۇھەببەتتە، ساداقەتتە!

چېقىلسا كىمكى بىزلەرگە، يېگەي شور تۇمشۇغىغا مۇش،
خىيال چاغلاشمىسۇن دۇشمەن، بۇگۇن جۇڭگو ئەمەس "لوق
گوش"،
بالاغەتكە يېتىپ قالدۇق، ئەمەس بىزلەر گودەكتەك بوش،
كۆرەشتە تاۋلىنىپ ئۇستۇق، ۋۇجۇدىمىزدا قۇۋۋەت قوش،
بىلىپ قويسۇن رەقىپ بىزنى، كورۇپ تۇرمايلا "شىرنى چۇش"،

ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى كۆلمەكتە ھەم بىئىختىيار،
رەڭلىنىپ تاشيول بويى بولماقتا شۇنداق جىلۋىدار،
چول-باياۋان ئەمدى بىلگەچ باغ-چىمەنزار قەدرىنى،
بۇ ۋەتەندە دەيدۇ، چاچسۇن مەڭگۈ خۇش بۇي ئەترىنى!

قايسى يەر بولسا بىكار، شۇ يەرگە رەت-رەت ئۈژمە سال،
يول بويىغا قوي تېرەك، زەيگە سوگەت ھەم جىگدە، تال.
باغ ياساپ ئالما، ئانار، شاپتۇل—كوچەتتىن مىۋە ئال،
قالمىسۇن ھىچ يەر ئالا، بولسۇن ۋەتەن بىر گۈل جامال،
كەلگۈسى ئەۋلادىمىز كورمەيلا قالسۇن دەشتىنى،
ئىككى قوللاپ گۈل تۇتاي، ئال قەھرىمان، گۈل دەستىنى!

1979-يىل 15-ئاپرېل.

## بۇ كېچە

ئۇيقۇ كەلمىدى چىقتىم تالاغا،
باقتىم دېڭىزدەك كوپ-كوك ھاۋاغا.
ئاسماندا سانسىز يۇلتۇز جىمىرلار،
باغدا چېچەكلەر، تاللار شۋىرلار.
غۇر-غۇر شاماللار قىلماقتا پەرۋاز،

# ئىككى قوللاپ گۈل تۇتاي

(مۇسەددەس)

چاچتى نۇر ئىللىق قۇياش، كۆلدۈردى ئويناق چەشمىنى،
قار ئېرىپ ئاقتى كۆمۈش، كوردى جاھان گۈل پەسلىنى،
بارچە قۇش قاقتى قانات تاپقاچ چىمەننىڭ ۋەسلىنى،
بىخ سۈرۈپ تاللار ئەنە تارتماقتا دىلنىڭ مەيلىنى،
ئىللىغان يەر چىللىدى ئەمگەككە ئىشچان نەسلىنى،
ئال قولۇڭغا، قەھرىمان كەتمەن سېپىنى-دەستىنى!

شوخ سابا قوشتى هوزۇر كۆلگەن باھارنىڭ پەيزىگە،
ئەتىر گۈلنىڭ غۇنچىسى قوندى باياۋان ھوسنىگە،
تاغ-ئېدىرلار خوشلۇغىدىن كەلدى شۇ ئان لەرزىگە،
سال قۇلاق، باتۇر يىگىت، تاشلىق-غىلاڭ ساي ئەرزىگە،
گۈللىتىپ، ئورمان قىلىپ يايغىن پاياندار-كەشتىنى،
ئەمدى، گۇم قىلماق كېرەك شور، قۇم، بوراننىڭ قەستىنى!

تاۋلىنىپ، كۆچكە تولۇپ تۇرماقتا بوزلار ئىنتىزار،
باغرىمىز ئەمدى بولار دەپ، ياپ-يېشىل بۈك بۈژمىزار،

مالچی ئالدىراپ تەرلەۋاتقاندۇ ...
كوچا، ئۆيلەردە بېھساپ چولپان،
كىمدۇ كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان؟
تاشيولدا تىنماي گۈرۈلدەپ ئۇچار،
كوزۇپقا لىق مال قاچىلاپ تۇلپار.
قانچە ئالىملار ئويلاۋاتقاندۇ،
سەييارىلەرنى بويلاۋاتقاندۇ ...
مىخلاۋاتقاندۇ كەشپىياتىنى،
بىر يەرگە جەملەپ ھىسسىياتىنى.
قەغەز ئۈستىدە قانچە گاڭ قەلەم
چېپىۋاتقاندۇ تاشلاپ زور قەدەم.
مانا سايرىدى زاۋۇت گۇدۇگى،
ھورمەتكە لايىق ئىشچى ئەمگىكى.
فابرىكىمىزنىڭ چوكان - قىزلىرى،
ئىشلەۋاتقاندۇ قىزىپ يۈزلىرى.
چۈنكى شۇ يىگىت ناخشىغا قوشقان،
جانانە قىزلار تىللاردا داستان.
كوكسىگە قىزىلگۈللەر تاقىغان،
ئىشچى كۈن - تۈنى چوغدەك چاقنىغان،
شەھەر ئۇيقۇدا خاتىرجەملىكتە،
تېچ - ئىتتىپاقلىق مۆھ بەرگەچكە.
مۇخبىرلار بۇنى يېزىۋاتقاندۇ،

شوخ ئېقىن دەريا شاقىرايدۇ ساز.
كاككۇكلار ياتار ئۈۋىسىدا جىم،
راھەت ئۇيقۇدا خۇددى ئەۋرىشىم.
ناخشا ئېيتماقتا بىر ئەر يىراقتا،
سايرامدىغاندۇ ئىشقى-پىراقتا؟
كىم ئۇ، تۈن تەگدە ئۇخلىمايدىغان،
سايراپ ناخشىدىن توختىمايدىغان؟
ھارۋىكەشمىدۇ ياكى بىر ئاشىق؟
ياكى ئوت يۈرەك يارىغا سادىق؟
يىراقلاردا ئۇ، كىم بىلسۇن ئۇنى،
بولسا كېرەك ئۇ يىگىتنىڭ گۈلى.
بەلكى يار ئۈچۈن كويگەندۇ دىلى،
سايرىغاندەكلا گۈلنىڭ بۇلبۇلى.
كەچتە سۇ تۇتۇپ يانغاندۇ بەلكىم،
يارنى سېغىنىپ ماڭغاندۇ بەلكىم.
مەيلى، ئېيت يىگىت ئوتلۇق ناخشاڭنى،
پەيزىڭگە جۇر قىل جىمجىت ئاخشامنى!
سەن بۇ ناخشىنى ياڭراتقان پەيتتە،
كوز يۇممىغانلار باردۇر بىر چەتتە ...
قانچە ھامىلدار بوشاۋاتقاندۇ،
"يېڭى مېھمان" شات ياشاۋاتقاندۇ.
قويلار قوزىلاپ مەرەۋاتقاندۇ،

كېلىدۇ سەندىن ئالما پۇرىغى،
سەن بولغاچ شېرىن شەرۋەت بۇلىغى.

كوككە بوي سوزغان كوركەم تاغلىرىڭ،
مەيلىمنى تارتتى گۈزەل باغلىرىڭ.

رەھمەت ئوقۇدۇم شائىرلىرىڭغا،
هورمەت ــ ئىھتىرام ماھىرلىرىڭغا!

چوكانلىرىڭنىڭ قولى گۈل ئىكەن،
ئىشتا غەيرەتلىك شوخ بۇلبۇل ئىكەن.

يىگىتلىرىڭنىڭ قەلبى قىزىل چوغ،
سەن ئىگىز تۇتقان گويا قىزىل تۇغ.

خۇددى ياپ ــ يېشىل قارىغاي كەبى،
بارچە مىللەتنىڭ ئەمگەكچى خەلقى.

سېنىڭ باغرىڭنى گۈللەتمەكتە تېز،
باتۇر، ئەقىللىق، زىرەك ئوغۇل ــ قىز.

سالام بەرگەندە ئالتۇن باشاقلار،
تاشتى قەلبىمدىن ئۇرغۇپ قوشاقلار.

نابۇرچىك ئۇنچە تىزئۇاتقاندۇ...
باسما زاۋۇدى مايغا ئۇلگۇرتۇپ
يېڭى كىتاپنى بېرەر پۈتتۈرۈپ.

1979 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل.

# ئىلى دەرياسى

—— «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىغا بېغىشلاپ يېزىلغان.

مەن كوردۇم سېنى ئىلى دەرياسى،
بويىلىرىڭ باھار گۇلى دۇنياسى.

مەن كوردۇم سېنى چىلگە پىشقاندا،
ئاپىرىن ئېيتتىم بارچە ئىشچانغا.

دولقۇنلىرىڭغا ئوخشار شاتلىغىم،
قايتا كەلگەندەك بولدى ياشلىغىم.

باغرىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ گۇللەرگە تولغان،
بۇلبۇللىرىڭ شات سايرىشىپ تۇرغان.

تاپىدۇ ئىنسان،
سەندە كۈچ-ئىمكان،
بولۇپ قەھرىمان،
ئانا مەكتىۋىم.

كەڭرى قۇچىغى،
بىلىم ئوچىغى،
ئىلھام بۇلىغى،
ئانا مەكتىۋىم.

مەن بىر گۈل-چىچەك،
دىلدا زور تىلەك،
پارلاق كېلىچەك،
ئانا مەكتىۋىم.

تەربىيەڭ ئىسسىل،
يۈرىگىم قىزىل،
بولغاچ سەن كېپىل،
ئانا مەكتىۋىم.

زامانغا لايىق،
ۋەتەنگە سادىق،

گۈزەل ھوسنۇڭدىن يايرىدى تېنىم،
تاغ گۈللىرىدەك يەلپۈندى جېنىم.

ئالتۇن پىيالەم بولغىنا سايرام،
بۇ سۆزۈك مەينى بىر ئىچەي ئىلدام!

ئۈركەشلىگەندەك ئىلى دەرياسى،
ئاقسۇن مەڭگۈگە قەلبىم ئىخلاسى!

1979 - يىل 13 - ماي، قەشقەر.

## ئانا مەكتىۋىم

ئەجەپ مېھرىۋان،
بەكمۇ قەدىردان،
سۆيۈملۈك ماكان
ئانا مەكتىۋىم.

كوزۇمنى ئاچقان،
نۇرىنى چاچقان،
تاڭدىكى چولپان
ئانا مەكتىۋىم.

ئۇسمەكتە ئەقلىم،
نۇرلىنىپ قەلبىم،
بارلىغىم تەقدىم،
ساڭا ۋەتىنىم!

1979 - يىل ماي، قەشقەر.

# بايرام مۇبارەك

—— "1 - ئىيۇن" باللار بايرىمىغا بېغىشلاپ.

كېيىدى يېشىل تون
تەبىئەت بۈگۈن.
شاتلىققا تولدى
"بىرىنچى ئىيۇن".

نۇرلار چېچىلدى،
گۈللەر ئېچىلدى،
پەلەك كانىدىن
گوھەر تېپىلدى.

بىزلەر ئىتتىپاق،
چاچتى نۇر چىراق،

ئۇستۇم چىرايلىق،
ئانا مەكتىۋىم.

سىر ئەمەس ماڭا
كائىنات-دۇنيا،
تونۇلدۇق خويما،
ئانا مەكتىۋىم.

ئىلىم-پەنگە باپ
ئوقۇيمەن كىتاپ،
سەن ئۇچمەس ئاپتاپ،
ئانا مەكتىۋىم.

قىز-ئوغۇل سەندە
يېتىلىپ پەندە،
چىنىقتى تەندە،
ئانا مەكتىۋىم.

سەندىن رازىمەن،
بولدۇم جەڭچىمەن،
ئالغا باسىمەن،
ئانا مەكتىۋىم.

ئارام تاپمايمىز
يۈز نومۇر ئالماي.

گۈلدەك دىلىمىز،
ئازات ئېلىمىز،
گۈللەرگە پۈركەپ
بايرام قىلىمىز.

بىز ئىناق ئاداش،
بارلىق ساۋاقداش،
ئۇلۇغ پارتىيە —
نۇر چاچقۇچ قۇياش.

ئۇچتە ياخشى بىز،
ياگرار ناخشىمىز،
ۋەتەن سۆيگۈچى
باتۇر ساقچى بىز.

ئەسلەيمىز بۈگۈن
دۇنيانى پۈتۈن،
كەڭ ئۇسمۇرلەرنى
سېغىنغان ئۈچۈن.

باغلىغاچ مەھكەم
پەنگە ئىشتىياق.

پەننى سۆيىمىز،
ئەلگە كويىمىز،
ئالغا ئورلەشتە
لىپى فىك ئۆلگىمىز.

تىرىشىپ ئوقۇپ،
ئەلاچى بولۇپ،
داۋان ئاشىمىز
توتتە① چىك تۇرۇپ.

چوغدەك ناخشىنى،
كۈندۈز ـ ئاخشىمى،
جاراڭلىتىمىز
كۈيلەپ ياخشىنى.

ئۆگىنىپ ھارماي،
ئارقىدا قالماي،

① توتتە ـــ توت ئاساسىي پىرىنسىپ كوزدە تۇتۇلدۇ.

# يۇرت قوشىغى

خۇددى لالىدەك گۈزەل ئانا يۇرت،
قۇچىغىڭ ئىللىق، سۆيۈملۈك ماڭا.
سەندە تۇغۇلدۇم، ئۇستۇم، ئۇلغايدىم،
ئالتۇن بوشۇكۇم — شەپقەتلىك ئانا.

سېنى مەدھىيلەپ كۈيلىسەم يۇرتۇم،
تەڭكەش بولىدۇ تاغلار جاراڭلاپ.
ئۇسسۇل ئوينايدۇ بۇلاق سۇلىرى،
سايرايدۇ قۇشلار بىللە ئۇلۇغلاپ.

بەختىيار يۇرتۇم باغۇ - بوستانىم،
رەڭگىمدەك قىزىل ئالما، ئانارىڭ.
گۈللە شات قەشقەر — گۈل - گۈلىستانىم،
شۇنچە كۆكۈللۈك دەۋرىڭ - باھارىڭ!

1979 - يىل 21 - ئىيۇل.

پرولېتارىيات
مەڭگۈ بىر ئەۋلات،
پارتىيە بىزگە
بەرگەن تەلىمات.

تاشلاپ زور قەدەم،
ئورلەيمىز ھەر دەم،
كوممۇنىزىملىق
دەۋرىمىز كوركەم.

بىزنىڭ ياش يۈرەك
يالقۇنلۇق چوغدەك،
كەلدى ئىلھامبەخش
بايرام مۇبارەك.

سۆيگىمىز مېھنەت،
قىلمايمىز مىننەت،
ئوقۇش، ئەمگەككە
قىلىمىز جۈرئەت.

1979 ـ يىل 25 ـ ماي، قەشقەر.

تىيانشان تاغىدەك يۈكنى يۈدۈشكە مەن ھامان تەييار،
جىنىم تەندە ئامان بولسا، قىلارمەن گۈل دىيارىمنى.

پۈتۈن ئەمگەكچىنىڭ بەختى-باھارىنى ياراتقان سەن،
كۆتەردىڭ شۇنچە مىليونلار قاتارى ئىپتىخارىمنى.

دىلىمدا رەھمىتىم گويا ئەزىم چاڭجىياڭغا ئوخشايدۇ،
بېغىشلايمەن ساڭا دائىم يۈرەك ناخشام، ساتارىمنى.

سېنى ھەر دەمدە كۈيلەيمەن مەدەتكارىم، نىجاتكارىم!
يەنە قوشلاپ چالاي شەنىڭگە بۇ ياڭراق دۇتارىمنى!

1979-يىل ئىيۇل.

## شانلىق ۋەتىنىم

شانلىق ۋەتىنىم — جۇڭگو،
مەن ساڭا سالام دەيمەن،
بەختىمنى چېچەكلەتكەن
مېھرىۋان ئانام دەيمەن.

# مېنىڭ ناخشام

ياشا كومپارتىيە! — دەپ باشلىدىم ناخشام — شوئارىمنى،
قىزىل گۈللەرگە تولدۇردۇم مېنىڭ قۇتلۇق باھارىمنى.

ھەقىقى مېھرىۋانلىقتىن دىلىم تەشنالىقى قاندى،
ئۆزەڭدەك غەمگۈزار سەزگەچ مېنىڭ شۇ ئىنتىزارىمنى.

ئۇلۇغ سەن، شان-شەرەپلىك سەن، ۋەتەن-ئەلگە
نىجاتكار سەن،
شۇڭا مەن مەڭگۈ تاپشۇردۇم ھاياتىم، ئىختىيارىمنى.

يېتەكلەيسەن ئۇلۇغۋار كوممۇنىزىم باغىغا بىزنى،
پولاتتىن چىڭ ۋە مۇستەھكەم يۇغۇردۇم دىل قارارىمنى.

ۋەتەننىڭ توت ئىشى بىزگە بۈگۈن شانلىق،
مۇقەددەستۇر،
شۇنىڭچۈن تەقدىم ئەيلەيمەن پۈتۈن كۈچ-
ئىقتىدارىمنى.

غەيرىتىنى كورسەتسە،
شۇ مېنىڭ جورام دەيمەن.

پارلاپ تۇرسا ئىقبالىڭ،
مەڭگۈگە شەرەپ-شانىڭ،
ئەرشكە تاقىشىپ بارغاي
گۈل بېشىم-چوقام دەيمەن.

سەن يەتسەڭ مۇرادىڭغا،
مەن تويسام جامالىڭغا،
نۇرلانسا، هوزۇرلانسا
يەر يۈزى تامام دەيمەن.

1979-يىل ئىيۇل.

## تەتىل كۈنلىرى

باغدا ئېچىلدى گۈللەر-لالىلار،
توپلاندى بىر توپ ئۇسمۇر بالىلار.

ئادىل كوماندا بەردى هەممىگە،
كەتتى جاراڭلاپ ناخشا مەلىگە.

سەندە تۇغۇلۇپ ئۇستۇم،
چىلىك باغلاندى دىل رىشتەم،
چاپسام سەن ئۇچۇن كەتمەن،
كۆڭلۈمگە ئارام دەيمەن.

باغرىڭغا باھار كەلدى،
ھەر يان لالىزار كوركەم.
بولساك بىر گۈزەل جەننەت،
تەر توكسەم داۋام دەيمەن.

دەۋرگە قىلىپ لايىق
ئورايمىز سىنى گۈلگە،
توت ئىشتا كامال تاپساك،
خەلقىم شات-خورام دەيمەن.

ئاسمىنىڭدا ئۇچقاندا
تۇپرىغىڭغا تىكتىم كوز،
قەلبىم سۈيۈنۈپ كەتكەچ،
ياشلىرىم تارام دەيمەن.

كىمكى سىنى گۈللەتسە،
شوھرىتىڭنى ئورلەتسە،

بەس-بەستە ئۆلار سەكرەشتى سۇغا،
كۇمۇش بىلىقتەك ئۈزۈشتى ئالغا.

بىرقانچە ئۇسمۇر چىقتى قىرغاققا،
تەييار تۇرۇشتى ياردەم قىلماققا.

ئەڭ كىچىك بىر دوست ئۈزەر پالاقلاپ،
ئۈنچە چاچاتتى سۇلار شالاقلاپ.

تاماس قالدى ئۇ چوكۇپ كەتكىلى،
بەك ئۇبدان بولدى ئادىل كەلگىنى.

ئادىل كوتەردى كىچىك دوستىنى،
ئالقىشقا لايىق ھەسسە قوشقىنى.

ھەممەيلەن قىزىق قۇمدا يېتىشتى،
ئاندىن شات-خورام ئۆيگە كېتىشتى.

ۋەدە بويىچە يىغىلدى كەچتە،
دەپتەرلىرىگە سىزىشتى كەشتە.

تەتىل كۇنلىرى ئۆتمىدى قۇرۇق،
ئاشتى ئەمەلگە بەرگەن تاپشۇرۇق،

قىزىل بايراقنى كوتەردى غەيرەت،
خۇددى تۇرنىسىدەك تىزىلدى رەت-رەت.

مىڭىشتى ئۇلار باشاق تەرگىلى،
شانلىق ۋەتەنگە ئالتۇن بەرگىلى.

يولدا، ئېتىزدا... تېرىشتى باشاق،
هەر بىر ساۋاقداش تەردى بىر قۇچاق.

كوللىكتىپ ئۇچۇن توكتى ئۇنچىلەر،
ئاپتاپتا پىشقان باتۇر غۇنچىلەر.

ياندى ئەمگەكتىن خوشال بولۇشۇپ،
تاماقتىن كېيىن كەلدى ئولۇشۇپ.

دەريا بويىغا ماڭدى سەكرىشىپ،
يالغۇز بولۇشنى يولدا چەكلىشىپ.

ئەركىن سوزلىدى يولدا هىكايە،
كۆلكە-چاخچاقلار بولدى زىيادە.

سۈيى سۈپ-سۈزۈك دەريا كورۈندى،
ياش ئۇسمۇرلەرنىڭ كوڭلى سۆيۈندى.

قانچه يىل تارتتىڭ زۇلۇمنىڭ دەردىنى،
يەلگە ئۇخشايتتى "خۇدا"نىڭ بەرگىنى.

خۇددى يامغۇردەك ئىدى توككەن يېشىڭ،
بىر قورام تاشتەك قېتىپ قالغاچ بېشىڭ.

بار ئىدى قەلبىڭدە مىڭ-مىليون ئاۋام،
سەن تىلەيتتىڭ خەلققە ئاسايىشلىق داۋام.

سەن بىلەتتىڭ خەلق، ۋەتەننىڭ قەدرىنى،
سەنمۇ يەيتتىڭ تىل-ھاقارەت، زەربىنى.

خارۇ-زارلىقتىن ئاقارغان چاچلىرىڭ،
تىك تۇراتتى نەپرىتىڭدىن قاشلىرىڭ.

تىكىلەتتىڭ خۇددى چولپاندەك ماڭا،
كوز تىكەتتىم مەنمۇ مولدۇرلەپ ساڭا.

يوق بولۇپ قالسا ئەگەر تاۋىم مېنىڭ،
مەندىن ئارتۇقراق جاپا تارتار ئىدىڭ.

ئۇيمۇ-ئۇي "ژۇرۇڭ" تىلەيتتىڭ سارغىيىپ،
"مەن بالامنى قۇتقۇزاي..." — دەپ يالۋۇرۇپ؛

لېپى فېڭچە ياشلار تولدى مەلىگە،
خىزمەت قىلىشتى گۇڭشې ئەھلىگە.

خوشال بولۇشتى بوۋاي ـ موماىلار.
كوڭلىنى ئالغاچ كىچىك توغايلار.

دېيىشتى ئۇلار: يەنە ئورلەيمىز،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ئوسمۇرلىرى بىز!

1979 ـ يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

# ئانامغا

ئەسسالام، ئەي مېھرىۋانىم جان ئانا!
سەن ماڭا شۇنداق كويۇمچان، باشپانا.

سەن ئىدىڭ ئەڭ ياخشى شەپقەتچىم مېنىڭ،
مەن ئىدىم كوز قارچۇغۇڭ ـ نۇرۇڭ سېنىڭ.

بوشۇگۇمنى تەۋرىتىپ "ئەللەي" ئېيتىپ،
بەخت تىلەيتتىڭ تاڭغىچە قوشاق قېتىپ.

شەپقەتتىڭنى ئەسلىسەم باغرىم كۆيەر،
ھېچ تېپىلمايدۇ سېنىڭدەك ئەل سۆيەر.

بارمۇ دۇنيادا ئانادەك مېھرىۋان؟
بارمۇ پەرزەندىگە سەندەك سايىۋان؟

نەدە سەن ئەي غەمگۇزارىم جان ئانا؟
سېنى ئەسلەپ كۆزگە ياش ئالدىم مانا!..

سەن ئۇچۇپ كەتتىڭ قايان ئەي ئانجان؟
كۆكتىمۇ سەن، يەردىمۇ ئەي جانجان؟

سەن بۈگۈن ئالدىمدا بىر بولساڭ ئىدىڭ،
سايرىساڭ، شاخىمغا بىر قونساڭ ئىدىڭ!

سەن قاقاتتىڭ مىسلى بىر بۇلبۇل قانات،
ياشنىغاچ، كۈلگەچكە ئىنسان، كائىنات.

كەلدى بىزگە سەن شۇ چاغ كۈتكەن باھار،
يۇرتىمىز بولدى پاراۋان، لالىزار.

بولدى ئوغلۇڭ ھور ۋەتەننىڭ كۈيچىسى،
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جەڭچىسى.

سەن ياقاتتىڭ توت بۇلۇڭغا نوكچىنى،
لەۋلىرىڭدىن سەن توكۇپ دۇر-ئۇنچىنى.

ئايلىناتتىڭ تۇندە پەرۋانەم بولۇپ،
كويدۇرەتتىڭ جاننى مەردانەم بولۇپ.

ئۇخلىمايتتىڭ كوز يۇمۇپ تاڭ ئاتقىچە،
مېنى دەپ ئالماي ئارام ئەل ياتقىچە...

ئەل قاتارىغا قوشۇشنى سەن تىلەپ،
مېنى ئوستۇردۇڭ ھەممىشە پەپىلەپ.

قاتتىغىنى سەن يېدىڭ، يومشاقنى مەن،
ھول جاي تۇتتۇڭ سەن تۇنى، قۇرغاقنى مەن.

ئاسرىغاندەك چوجىسىنى ئانىسى،
سەن قانات ياپتىڭ ماڭا ھەر ئاخشىمى.

سەن ئىدىڭ بىر ئاقكوڭۇل مەزلۇم غېرىپ،
بىر يىگىت قىلدىڭ مېنى ئاق سۇت بېرىپ.

سەن ئوقۇتتۇڭ مېنى ياخشى ئوي بىلەن،
تۇردى يادىمدا سوزۇڭ: ئەل-يۇرت دىگەن.

# تیانشان ختاۋی

ۋەكىل قىلدىم سېنى دىلدار، قۇرۇلتايغا بېرىپ تېز كەل،
ئۇنىڭدا بولغۇسى كوپىنىڭ بۇگۇنكى ئارزۇسى ھەل.

دىمەككى ئەمدى كوۋرۇكلۇك رولۇڭنى ياخشى جارى قىل،
پىدا قىل خەلق ئۇچۇن جاننى، بۇ يولدا باغلا مەھكەم بەل!

پۇتۇن ئەمگەكچى شاتلانغان ئۇلۇغ بىر دەۋرگە كىردۇق،
تەلەپ شۇكى: قۇرۇش لازىم زامانغا دەل مۇناسىپ ئەل.

ئوتۇپ كەتتى جۇدۇن-چاپقۇن، سۇزۇلدى نۇرلىنىپ ئاسمان،
چىقاردۇق قولنى بىر يەگدىن بىلىپ تېچلىقنى بىز ئەۋزەل.

سېنىڭ ئۇستۇڭدە بار مۇشكۇل ۋەزىپە، بەك شەرەپلىك ئۇ،
ئادا قىل جۇملە بۇرچۇڭنى بولۇپ ئۇچمەيدىغان مەشئەل.

قىشى يوق نەۋ باھار كەلدى، بۇ باغدا ئەركىن-ئازات سەن،
سۇيۇملۇك پارتىيە بولغاچ پاچاقلاندى كىشەن-ئىشكەل.

پايتەخت — بېيجىڭغا يول ئالدىم بۈگۈن،
غەمگۇزارىم — پارتىيەم ئاچقاچ قوينۇن.

خوش بولاتتىڭ سوھبىتىمنى ئاڭلىساڭ،
كەل ئانا، ئورتاقلىشايلى، خالىساڭ!

سەن ىىراق، يوق سەن بۈگۈن يەر ئۈستىدە،
پارلىدى غايەڭ ۋەتەننىڭ ھوسنىدە.

ساڭا يەتكۈزگەي بۇ نەزمەمنى مەلەك،
ماڭا جۆر بولدى زېمىن، ئاسمان - پەلەك.

كوزلىگەن نۇرلۇق زامان كەلدى يېتىپ،
بەختىمىزنى پارتىيە چېچەكلىتىپ.

ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلاي، تىنچ يات ئانا!
پارتىيە، ئەل بولدى شەپقەتچى ماڭا.

پارتىيىگە تەقدىرىمنى باغلىدىم،
ئالغا ئورلەشكە ئىرادە تاۋلىدىم.

ئانىجان، قەرزىڭنى ئاقلايمەن ھامان!
گۈل بولار - بوستان بولار سۈيگەن ماكان.

1979 - يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

2

سايرايدۇ سەھەر كاككۇك،
ئۇز يارىنى كورمەيدۇ.
ئاشىق يۈرىگى تاغدەك،
دەرت تارتقانغا ئۇلمەيدۇ.

3

كوزۈڭنى ياشلىما شائىر ۋاقىتسىز توزۇغان گۈلگە،
ئۇلۈمنىڭ ھەسرىتى ئاچچىق ئەلەمنى سالمىدى كىمگە؟
قىزىلگۈل غۇنچىسى يەتمەي مۇرادىغا، خازان بولدى،
لېكىن ئۇ كوزلىگەن غايە قوشۇلمايدۇ ئۇچۇپ كۆلگە.
توكۈلگەن بولسىمۇ بىر گۈل، يېنىدا بار تۇمەن غۇنچە،
ئېچىلغاي نوۋىتى بىرلە جۇدۇنى تەڭ قىلىپ نولگە.
پىكىر قىل، مەڭگۇ تۇرمايدۇ سامادا پارلىغان يۇلتۇز،
ئېقىپ چۇشسە بىرى كوكتىن، ئۇنىڭ ئاز تەسىرى تۇنگە.

4

ياشلىق بىر گۈلدۇر، مېھنەت بىلەن ئېچىلار،
چەكسەڭ جاپانى، ئالتۇن ئاچقۇچ تېپىلار.

بولۇپ دادىل قەدەم تاشلا، داۋاملىق توھپە قوش ئەلگە،
كولۇپ كەتسۇن ۋەتەن باغرى كىيىپ ئۈستىگە تون مەخمەل.

تاقاشسۇن كوككە تۇرخۇنلار، موتۇرلار گۈكىرەپ تۇرسۇن،
خېمىردەك تاۋلىسۇن گاڭــنى پولات بازغان بىلەن سەندەل.

تەبىەتنى قىلىپ تەسلىم، قادايمىز مارسقا بايراقنى،
ئۈزۈپ چىق سەنمۇ ئەي قۇربان،
ئىلىم دەرياسى گويا سەل.

1979 ـ يىل.

## قىتئەلەر

### 1

باشلىدى پارلاق نىشانغا پارتىيە،
مەملىكەتنى بىر سىزىققا كەلتۈرۈپ.
دەۋر يۈكىنى تارتىمىز ئالغا قاراپ،
ياز قەلەم، ئىجادىيەتكە يەڭ تۈرۈپ!

2

تاما قىلما كىشىدىن "ياخشى دوست" دەپ،
چىقىلما "بەرگىنىمنى ئەمدى قوس!" دەپ.
ئېقىن دەرياغا ئوخشاش تۇت دىلىڭنى،
لېكىن سەن چەتتە تۇرما "ئىتتى توس!" دەپ.

3

قولاق سال ياخشى گەپكە، قىل ئەمەل خوپ،
ئۇرۇلسا، تەپسە ئورلەر، بولما يەل توپ.
ئەگەر ئاقىل، زىرەك بىلسەڭ ئوزەڭنى،
بىراۋدىن ئاڭلىما گەپ، ئىشقا تېز قوپ!

4

قوياش دائىم پۇرۇقلاپ قاينىغان ئوت،
ئۇنىڭدىن قىلدى سەييارە تەۋەللۇت.
دىسەڭ مەنمۇ چاچاي يۇلتۇز كەبى نۇر،
قوياشتەك ئوت بولۇشقا قىل تەرەددۇت.

5

بىلىم ئالغان كىشى بولغاي مۇنەۋۋەر،
جاپانى يەڭگۈچى بەختكە مۇيەسسەر.

توكسەڭ ۋەتەنگە ئۆزمەي پىشانىدىن تەر،
ياشلىق گۈلۈڭدىن مەڭگۈ خۇش ھىد چېچىلار.

5

ئىلىم — ئىنساننىڭ نۇرلۇق چىرىغى،
غەيرەتتىن ئارتار ئۇنىڭ يورىغى.
ۋەتەن گۈلزارى نۇرلىنار ھەر چاغ،
شاقىراپ ئاقسا پەننىڭ بۇلىغى.

1979 ـ يىل، قەشقەر.

## رۇبائىيلار

1

پارتىيە ئالدى مېنى ئۆز قوينىغا،
قايتا جان، تىل بەردى بۇلبۇل، تۇتىغا.
باشتىن ئۆتكۈزگەندە ئاتمىش بەش باھار،
كوكلەپ ئايلاندىم ياشارغان نوتىغا.

9

قالار پەگادا كىمكى تور تالاشسا،
شامال شوھرەتكە بارىنى قاراتسا.
يازار ھەركىم ئۆزىنىڭ تارىخىنى،
ھاياتىدىن كۆرەشتە دۇر ياراتسا.

10

سىنى تۇغدى ئاناڭ يەرنىڭ بىتىگە،
ھايات رىسقىڭ تارالغان ئەل قىتىگە.
ئەگەر توكسەڭ پىشانە تەرنى ياخشى،
بولالايسەن ئىگە دولەت خىتىگە.

11

"كىشىنىڭ زىنىنتى ئۇن، توققۇزى تون"،
ھالال تەردىن كىلۇر داسقانغا جۇپ خون.
كىيىنەكتەك ياساپ يۇرمە ئۇزەڭنى،
سىجىل مىھنەت قىلىپ بەخت شاخىغا قون!

12

ۋەتەنگە تەر بىلەن دۇردانىلەر توك،
ئالار بولساڭ گوھەرنى، ئاممىغا چوك!

ئېقىن دەريا كەبى ئاقساڭ ھەمىشە،
ئۈمىدىڭ گۈللىرى كۈلگەي مۇقەررەر.

6

كىشىنىڭ ئۆمرى گوياكى چىراقتۇر،
يېنىپ ئۆچمەسكە تەدبىر قىل-ئۇزاق تۇر!
چىراققا كەلدى نەدىن بۇ يورۇقلۇق؟
ئۇنىڭ تەكتى مۇھەببەت — ئىشق-پىراقتۇر.

7

كىشىدىن رەنجىسەڭ قىلما ئاداۋەت،
ئاداۋەتتىن تېپىلمايدۇ ئادالەت.
زىمىستان كەينىدىن كەلگەن باھاردەك،
كېلۇر دوستۇڭ ئاخىر گۈلدەك ئالامەت.

8

كىشىنىڭ ماختىشىدىن بولما لەگلەك،
كېپەكنى، چالمىنى ئۇلغايدۇ ئەگلەك.
سىڭىپ كەتكىن توقاچتەك ھەر بەدەنگە،
قىلىپ غەيرەت-جاسارەت بىرلە ئەمگەك.

## 16

ئوزەڭنى ئۇرما ھەرگىز ئىچكۇلۇككە،
زىيان سالما ئوزەڭگە مەڭگۇلۇككە.
جاھانغا بىرلا كەلدىڭ، يەنە يوق سەن،
بىرەر توھپەڭنى قالدۇر كوپچىلىككە!

## 17

ساڭا مەندىن نەسىھەت ئەي بۇرادەر،
يىگىت بولساڭ پەقەت بولما تاماگەر!
كىشى تەشناسىنى قاندۇرالامدۇ —
ئىچىدە ئوتى يوق ئەبجەق ساماۋەر؟

## 18

ئاۋايلا ياشلىغىڭدا يول مېڭىشنى،
تولۇق ئۇگەن ئېلىشنى ھەم بېرىشنى!
بۇ ئومۇر ئوقىنىڭ باردۇر ھىساۋى،
ئېسىڭدە تۇت ھامان بىر كۇن قېرىشنى!

## 19

كىشىنىڭ ئومرى گويا گۇلگە ئوخشاش،
چىمەندە سايرىغان بۇلبۇلغا ئوخشاش.

مۇكاپات ئال ئاخىرقى ئۇمتىھاندىن،
زىيان تارتساڭ مېنى ئەل ئالدىدا سوك!

13

تۇغۇلغان يۇرت هامان جەننەت بىلىنگەي،
ئاشۇ تەڭتۇشلىرىڭ كوڭلۇڭ كوتەرگەي.
ئانا تۇپراقنى گۇللەتسەڭ ئۇمۇربات،
كۇلۇپ بەختىڭ چىچەكلەپ مېۋە بەرگەي.

14

ئوزىنى ئويلىمايدۇ ياخشى ئادەم،
ئوي-پىكرى ۋەتەنداش، خەلقى ئالەم.
بېغىشلا ھەممىنى خەلق شاتلىغىغا،
ساڭا تاپشۇردى بۇ ئىشنى زامانەم.

15

تىلىڭ بىرلە دىلىڭ بىر بولسا ھەر چاغ،
قونالمايدۇ سىنىڭ شەنىڭگە ھېچ داغ.
قىلالايمىز ۋەتەنىڭ تۇپرىغىنى،
زامانغا دەل مۇۋاپىق ياشنىغان باغ.

**23**

كوكەرگەي ياغسا يامغۇر زەل-زىرائەت،
قىنىپ يىلتىزلىرى سۇغا شۇ سائەت.
ساڭا ماغدۇرنى كىم بەردى بىلەمسەن؟
كۇچۇڭنى ئەلگە تەقدىم قىل داۋامەت!

**24**

جاھاندا بىر قۇياش، بىرلا ئاي بار،
پىشانە تەرنى توكسەڭ نانۇ-چاي بار.
جاسارەت-غەيرىتىڭنى ئىشقا سالساڭ،
ۋەتەندە مۇھتەرەم سەن، ياخشى جاي بار.

**25**

كىشىنىڭ قەدرى-قىممەت، ئەتىۋارى
خەلققە مىۋە بەرمەكتىن تېپىلغاي.
ئۇزىنىڭ نەپسگە چوغ تارتسا ھەركىم،
يولىدا بىر كۇنى لايغا تېيىلغاي.

**26**

يامانغا بەرمە ھەرگىز دەپتىرىڭنى،
ئوغرىلايدۇ دىلىڭدىن گەپلىرىڭنى.

ئومۇرنىڭ ھەم باھارى، ھەم كۈزى بار،
ئۇدۇل مەنزىلگە چاپ دۇلدۇلغا ئوخشاش.

## 20

ئىرادە بولسا قاتتىق ھەر كىشىدە،
يوغان تاغنى كوتەرگەي بىر بېشىدا.
تىرىشسا-قازسا ئوستەڭنى داۋاملىق،
بولار ئاخىر سۇيى ئۇيىنىڭ قېشىدا.

## 21

تېگىشلىك بولمىسا خەت-چەك سېنىڭغا،
يىرتىپ كونۋېرتنى، قىلما خىيانەت!
ئېسىڭدە ساقلا دولەت قانۇننى،
ئامانەت بولسا كىمنىڭ، بەر سالامەت!

## 22

كىشىنىڭ ئالدىدا پو ئاتما ھەرگىز،
ئۇزەڭنى توغرا مولچەرلەپ باھالا!
ئۇزەڭنى چاغلىساڭ ئالتۇن ئەگەر دە،
ھىساپلا ئۇزگىنى گوھەردىن ئەلا!

30

نەسىھەتنى ئاۋال سەن قىل ئۆزۈڭگە،
بۇ ئەينەكنى تۇتۇپ باققىن يۈزۈڭگە!
پوزىتسىيەڭ ئەگەر ناتوغرا بولسا،
ئۇتۇق-ئەيۋىڭ كورۈنمەيدۇ كوزۈڭگە.

31

زىياننى تارت ئۆزەڭ، دوستۇڭغا بەر نەپ،
زىيان تارتساڭ ئىچىڭدە يۈرمە خەپلەپ.
سېنىڭدىن باشقىلارغا يۇقسا مەنپەت،
ئاتايمىز سېنى مەردانە يىگىت دەپ.

32

ئاسانلىقچە بىراۋغا قىلما ۋەدە،
ئېغىزدىن چىقسا ۋەدە قويما يەردە!
سەممىلىك زورۇر ھەر بىر كىشىگە،
كېرەك بولغان كەبى تەمبۇرغا پەدە.

33

چىچەكلەيدۇ ئۆرۈك كوكلەم-باھاردا،
ئۇنىڭدىن مېۋە بولغاي بىر قاراردا.

ئۆزەڭدىن رەنجىمە، قىلما پۇشايمان،
ئۈچۈرتۇپ قولدىن بەخت كەپتىرىڭنى!

27

ئەگەر سۈندۇرسا كىم دىل ئەينىگىنى،
قاداپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماس.
بۇ ئالەم زىددىيەتنىڭ بوشۇگىدۇر،
كۆرەش قىلساڭ يۈزۈڭگە توپا قونماس.

28

سېنى كىم ماختىسا ئۇچما ھاۋاغا،
تاپالمايسەن كېيىن چارە داۋاغا.
ئەگەردە تورغە چىقسا ماختىغانلار،
سېنى ھەيدەپ چىقار ئۆيدىن تالاغا.

29

كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قىلما غەيۋەت،
گېپىڭنى ئالدىدا قىل، بارغۇ پۇرسەت.
پولاتتەك ئىتتىپاققا دەخلى قىلما،
يېقىن يولداش بولۇپ قىل ياخشى سوھبەت!

قوياشلىق پايتەختنىڭ لالىزارىغا،
تىكىلگەن بارچە كوزلەر سەرۋى نازىغا.

يېغىپ تۇرغان خوشاللىق نۇرى يۈزلەردىن،
ئەكس ئەتكەن ئۈمىت-ئارزۇلار سوزلەردىن.

كۆمۈش لاچىندا ئۇچقان بارچە سەنئەتكار،
ئۇلۇغ كومپارتىيىدىن ئەردى مىننەتدار.

سالام بېيجىڭ! دىدۇق بىز يەرگە قونغاندا،
يۈرەكلەر باشقىدىن ئويناپ هاياجاندا.

چاۋاك چالدى شۇ ئان باغلاردا رەنالار،
قاناتلار قېقىشىپ سايراشتى تۇرنىلار.

قۇچاق ئاچتى كۆلۈپ بىزگە بېيجىڭ شەھرى،
تولۇن ئايدىنمۇ نۇرانە ئىدى چېھرى.

سورالسا، پەسلى ئالتۇن كۈز ئىدى شۇ دەم،
لېكىن سەنئەتتە باشلانغان باهار كوركەم.

يېڭى ئىلهامغا تولدۇرماقچىمىز دىلنى،
قەلەم گوھەرلىرىدىن كۆلدۈرۈپ يىلنى.

ساڭا ئەجداتلىرىڭ كوپ مىۋە بەردى،
نىمەڭ باردۇر كېيىنكى ئىز باسارغا؟

**34**

ئادەم بولساڭ چىۋەر بول، بولما سايە،
بولۇش لازىم ئۇلۇغ مەقسەت ۋە غايە.
جاراڭلاپ تۇر كۆرەشتە ناخشىلاردەك،
بولۇپ قالما قاداق چۈشكەن پىيالە!

قەشقەر، 1970 ـ 1979 ـ يىللار.

# تەسرات ئۇنچىلىرى

(سىكىل)

## ئىنتىزار كوزلەر

كۆمۈش لاچىن ئۇرۇمچى مۇرغىزارىدىن،
ساماغا ئورلىدى يەر گۈل ئۇزارىدىن.

سەپەر قىلدۇق كۆمۈش لاچىن بىلەن ئاخىر،
ئۇسۇلچى، ناخشىچى، رەسسام، ئەدىپ، شائىر.

ۋەكىللەرنىڭ ۋۇجۇدى تولدى قۇۋۋەتكە،
كوزى نۇرلاندى، قايتا كەلدى غەيرەتكە.

ئۇزەم بىر قەترە بولسامۇ، كۇچۇم ئاشتى،
شۇ ئىلھامدىن جاسارەت-جۇرئىتىم تاشتى.

## سالام، مويسىپىتلەرگە

تۇمانلار قاپلىغان چاغدا ئۇلۇغ ئەلنى،
سىلەر قەتئى كۇرەشكە باغلىغان بەلنى.

زۇلۇمغا قارشى تۇردۇڭلار قەلەم بىرلە،
ياۋۇز دۇشمەن يىدى زەربە ئەلەم بىرلە.

ۋەتەن كۇلگەندە بىز تەڭ ئويىندۇق بەزمە،
زەپەرنى مەدھىيىلەپ سايراپ ئوقۇپ نەزمە.

شۇ چاغدا مويسىپىتلەر سالدىڭىزلار ئات،
بولۇپ ياشلارغا ئۇلگە قىلدىڭىز ئىجات.

قاراقچى شۇم نىجىس كويدۇرگە "توت ئاپەت"
پەلەك چەرخىنى تەتۇر قىلدى شۇ سائەت.

شۇڭا زەپ شات كوڭۇللەر، ئىنتىزار كوزلەر،
قۇرۇلتاينىڭ① مۇسەپپا پەيتىنى كوزلەر.

## خەلق سارىيىدا

يېتىپ كەلدى ۋەكىللەر خۇددى دەريادەك،
تەبەسسۇم ئوينىغان لەۋ ـ مەڭزى رەنادەك.

سەھەردە سەلتەنەتلىك قەسرىگە تولدۇق،
قېرىنداشلارچە مىللەت بۇندا جەم بولدۇق.

ئېلىمگە داڭقى كەتكەن يازغۇچى، شائىر،
قۇرۇلتاي سەھنىسىدە ئولتۇرار ھازىر.

قۇرۇلتاي مۇنبىرىگە بارچە كوز ئاقتى،
ۋەتەن رەھبەرلىرى بىزگە كۈلۈپ باقتى.

گوھەردەك سوزلىرىنى توكتى ناتىقلار،
ئازات ئەلنىڭ ئىشىغا مەڭگۇ سادىقلار.

---

① مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 4 ـ نوۋەتلىك قۇرۇلتىيى كوزدە تۇتۇلدۇ.

## جاراڭلايدۇ ئۇتلۇق شېئىرلار

بېيجىڭ تەنتەربىيە مەيدانى خۇددى،
كورۇندى كوزلىرىمگە بىر شەھەرچە.
كىشلەر ئولتۇرۇپتۇ بىر چىرايلىق،
تىزىلغان قۇتىغا مىسالى گوھەرچە.

چۈشىن ئۇچقانچە ئاۋازدىن دېرەك يوق،
ئاشۇ لەك مىڭ كىشى ھازىر يىغىندا.
جاراڭلىق ئوقۇپ ئوتتى بىر گۈزەل قىز،
(ئىدى يازغان بۇنى باجىن يېقىندا.)

شېئىر دەرياسىغا مەنمۇ چومۇلدۇم،
ئېلىپ كەتتى مېنى دولقۇن ئۇزاققا.
سۈزۈك شەرۋەت ئىچىپ قاندى يۈرىكىم،
بېرىپ شۇ ئاخشىمى ئالتۇن بۇلاققا.

دىدىم: خەلق باغۋنى بولساڭ ئەگەر چىن،
قېنىڭ بىرلە سۇغارغىن ئەنجۈرىڭنى!
تۇتاي ئەلگە شىرىن مېۋە دىسەڭ گەر،
قەلەمگە چىگ مۇھەببەت زەنجىرىڭنى.

1979 - يىل نويابىر — دېكابىر، بېيجىڭ — قەشقەر.

هۆكۈم قىلدى ئۆلۈمگە يېڭى سەنئەتنى،
قەلەمگە چاپلىدى يالغاننى ـ تۆھمەتنى.

ئىسىل رومان ـ كىتاپلار كۆلگە ئايلاندى،
قەلەم تۇتقان بېغىش زەنجىرگە باغلاندى!

جاھاننىڭ رەھنىماسى چىقتى مەيدانغا،
ئۈمۈت ئۇردى ئاياۋسىز شۇبۇ شەيتانغا.

قىزاردى باشقىدىن ئەل ـ يۇرت باھار كەلگەچ،
كىشەندىن بولدى ئازات ھەممە نۇر كۆرگەچ.

قۇتۇلدۇڭلار سىلەر ھەم شۇ ئوقۇبەتتىن،
قىيىن ـ قىستاق، تاياق ـ توقماق، رۇتۇبەتتىن.

كورۇشتۇق ئەمدى بىز ئازادە ـ ئەركىن، شات،
كورۇشكەندەك گويا شېرىن بىلەن پەرھات.

سالام، ئەي مويسىپىتلەر، پىشقەدەم ئۇستاز!
باھار بوستانىدا سايرايلى خۇش ئاۋاز!

ئەگىپ ئۇچىدۇ
كوكتە قالىغاچ؛
سايراپ ۋىچىرلاپ،
گۈلنى چارلىغاچ.

قەلەم تەۋرىدى
تىزماققا ئۇنچە،
ئىلھام بەرگەچكە
يېڭى بىر غۇنچە.

ھاجاخۇن ئوزى
گۈلنىڭ لالىسى.
يېڭى زاماننىڭ
ئوبدان بالىسى.

بېشىدا ئۇنىڭ
بادام دوپپىسى.
يانغا ئېسقلىق
ئاددى سومكىسى.

ئون ئۈچ باھارغا
ئۇلاشقان ئوزى،

# ھاجاخۇن

(كىچىك داستان)

## باشلىنىش

ئىزدەيدۇ كىشى
يېڭى خەۋەرنى؛
گېزىت-كىتاپتىن
نادىر ئەسەرنى.

مەنمۇ قىزىقتىم
ياخشى بىر ئىشقا،
ئالدىراپ كەتتىم
ئۇنى يېزىشقا.

## ئۇ كىم؟

ئاسمان سۈپ-سۈزۈك،
يەردە گۈل-چىچەك.
گۈلزاردا ئوينار
ئالتۇن كېپىنەك.

## چۈش

هاجاخۇن بىر كۈن
بىر چۈش كورۇپتۇ.
چۈشىدە قىزىق
بىر ئىش كورۇپتۇ.

ئۇزى قاۋۇل بىر
يىگىت بولغۇدەك؛
تاغنى مۇشتلىسا،
تىترەپ تۇرغۇدەك.

خەت تارتقىدەكمىش
ساقال-بۇرۇتى،
سۇغا چۈشۈپتۇ
ئاشۇ سۇرىتى.

تەنھەركەتچىلەر
سەپ-سەپ تىزىلغان.
دوستلۇق بەزمىسى
ئوتتەك قىزىغان.

قەشقەردە پىشقان
ئالمىدەك يۇزى.

چىرايى خۇش خۇي،
سوزى چاقماقتەك.
ياخشى ئىش بولسا
چاپار چاقماقتەك.

هاجاخۇن ئۇچۇن
مەكتۇۋى ئىتىز.
جان دوست ئامرىغى
بارلىق ئوغۇل-قىز.

ئۇستازلىرىنى
باغۇىنىم، دەيدۇ.
باش-ئۇستۇمدىكى
سايۇىنىم، دەيدۇ.

ىىكار چاغلاردا
ئوقۇيدۇ كىتاپ،
ئاندىن يازىدۇ
تەسرات چىداپ.

"مۇبارەك بولسۇن!"
دەپتۇ جامائەت.

دەپتۇ هاجاخۇن:
"شەرەپ ئەلگە خاس!
ئالتۇن مېدالغا
ۋەتەن، خەلق ئاساس!"

## يولدا

يولدىن ئۆتەتتى
ماشىنا ـ هارۋا...
ئۇسمۇر ـ باللار
قىلمايتتى پەرۋا.

شوخراق بىر بالا
چاپتى هارۋىغا.
هاجاخۇن دىدى
بېرىپ ئالدىغا:

"سەنمۇ ئېسىلساڭ،
مەنمۇ ئېسىلسام...؛

چېلىنىپتىمىش
مەيداندا پۇشتەك؛
تەييارلىنىپتۇ
تەلپۇنگەن قوشتەك.

بەش مىڭ مېتىرغا
يۈگۈرۈپتۇ تېز،
قاپتۇ ئارقىدا
قانچە ئوغۇل-قىز.

بىر ئاپتۇ ئالقىش
كەڭرى مەيداننى.
ئاپتۇ ھاجاخۇن
ئالتۇن مېدالنى!

سۇمرۇققا مىنىپ
ئۇچۇپتۇ كوكتە؛
ھەرقايسى ئەلنىڭ
گۈلى بىرلىكتە.

قىلىپتۇ ھەپتە
قىزغىن ساياھەت؛

خۇددى كاككۇكتەك
سايراپ مۇلايىم.

"يىللىق خۇلاسە"
تىزىلغان مارجان،
ئاقتى ئۈنىگدىن
دىلغا ھاياجان.

ھەر بىر شاگىرتنىڭ
نامە ـ ئەمالى،
سوزلەندى رەتلىك
ئوقۇش جەريانى.

خانىم ھىكايە
قىلدى ئاممىغا:
"ھاجاخۇن ياخشى
ماڭدى ئالدىغا.

بەرسەك تاپشۇرۇق،
ئىشلەپ ئۇدۇللۇق،
ئىمتىھان بەردى
بۇ يىل ئۇتۇقلۇق؛

قەيەردە قالدى
بىزدە ئىنتىزام؟

ماڭغان ياخشىراق
يولدا تىپچ، بىللە؛
مەيلى ياز بولسۇن،
مەيلى قىش، چىللە.

جەمىيەت دىگەن
تۇرمۇش مەكتىۋى.
ياخشى ئەخلاقنىڭ
بۇلاق ـ مەنبەئى.“

## ئاتا ـ ئانىلار مەجلىسدە

بۇلتۇر يازلىغى
تەتىل ئالدىدا،
ئاتا ـ ئانىلار
كەلدى ۋاقتىدا.

باشلاندى مەجلىس،
سوزلىدى خانىم؛

(ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ،
بىز چاۋاك چالدۇق).

كورسەتتى ھىساپ
ئىشلەپ ماھارەت.
بەردى مۇكاپات
قەشقەر ۋىلايەت.

رادىيو بىلەن
تەقدىرلەنگەچكە،
بەك خوشال بولدى
تەسىرلەنگەچكە.

بىزنىڭ سىنىپنىڭ
نەتىجىسى مول،
ياخشى ئۆگەنگەچ
ئىلغار قىز-ئوغۇل ...».

## يـاردەم

بۇ يىل كۈزلۈگى
مۇھە جىق بولدى.

ھەر پەندىن ئالغان
نومۇرى يۈزدىن؛
ئىلغار ئىش ئىزى
كەتمەيدۇ كوزدىن؛

بالدۇر كېلىدۇ
ھاجاخۇن ئويدىن؛
يىللاپ چۈشمىدى
سۈپۈرگە قولدىن.

سىنىپ ـ مەيداندا ...
قىلدى تازىلىق.
تېپىپ بەرمىدى
بىزگە خاپىلىق.

ساۋاقداشلارغا
بەكمۇ كويۈمچان.
ئوزى كەڭ قوساق،
قاتتىق تەلەپچان.

يادلىغان شېرى
ئوتتۇزدىن ئارتۇق.

بۇ قانداق ئىشتۇ؟
چوپ ـ چوك بالىغۇ؟!
ئەركە ـ نايناقنىڭ
ئۆزى ماڭسىچۇ؟

بالا يۇدگىنى
ھاجاخۇن ئىكەن.
ھاپاچ بولغىنى
تاياخۇن ئىكەن.

زەخمى يەپتۇ پۇت
گودەك ۋاقتىدا،
تاڭدۇرماپتىكەن
تۇخۇم، تاختىدا...

ئوك پۇتنى سورەپ
ئومىلەيدىكەن،
ئاتا ـ ئانىسى
سەل قارايدىكەن.

چوك بولۇپ ئەنە
ئاقساپ مېڭىپتۇ،

ئەنجۇر، ئانارلار
بازارغا تولدى.

گۈزەل قەشقەرنىڭ
مېۋىسى ئېسىل؛
ياغ-گوشتە ئەتكەن
گوش گىردىسى خىل.

جىگدە بازىرى،
ھېيتكا يولىدا؛
جانان كوچىسى،
جامە بويىدا؛

چىقتى كوچىدىن
سەھەر بىر بالا.
شالاڭراق ئىدى
ئادەمگە تالا.

ھىلىقى بالا
غەيرەتلىك تولا.
ھاپاچ بولۇپتۇ
ئاڭا بىر بالا.

مەكتەپكە كىيىن
قالمىسۇن ئۇچۇن،
يۇدۇپتۇ ئۇنى
ھاجاخۇن بۇگۇن.

بۇگۇنلا ئەمەس،
بولۇپتۇ ئۈچ يىل.
ئۈچ يىل بىر كۈندەك
ئۆتۈپتۇ بىر خىل.

## ئۈيدە

ئاجايىپ ئاۋات،
كىمنىڭ ئۆيى بۇ؟
قاي چىمەنزارنىڭ
غۇنچە-گۈلى بۇ؟

بىرسى بىرسىدىن
چىرايلىق ئىكەن.
بۇ ئۆي تىرىشچان
بالىلىق ئىكەن.

قيىنچىلىقنى
ھەر دەم يېڭىپتۇ.

مۇئەللىملىرى
ياخشى ئۇگەتتى،
باشلانغۇچنى ئۇ
ئەلا تۇگەتتى.

ھاجاخۇن بىلەن
بولدى ساۋاقداش،
ساۋاقداش دىگەن
مېھرىۋان ئاداش.

بىردەك سوقىدۇ
كىرسىز يۇرىگى.
ئوسمۇرلەر ئەلىنىڭ
غۇنچە-پورىگى.

بىر بىرلىرىگە
بولىدۇ ھەمدەم،
شۇ گۇل-غۇنچىلار
ئىناق دوست ھەر دەم.

قىزىل "100"نومۇر
ھەر بەتتە ئۇچۇق.

بۇ گۇرۇپپىغا
ھاجاخۇن باشلىق.
پەن-مەرىپەتكە
باغلانغان ياشلىق.

سايراپ تۇردۇ
ھەممە بەس-بەستە،
شۇ گۈل-غۇنچىلار
خۇددى گۈل دەستە.

تەڭ پورەكلىگەن
باھار گۈللىرى.
شۇلار دەۋرنىڭ
پارلاق نۇرلىرى.

لىپي فىك روھىدىن
سۇ ئىچكەن چېچەك.
شۇڭا ياشلارغا
پارلاق كېلىچەك.

سومكىلار ئەنە
تۇرار يان-ياندا،
ئوسمۇرلەر كىتاپ
كورەر شۇ ئاندا.

غۇنچىلار قۇرغان
كىچىك گۇرۇپپا،
شۇڭا توپلانغان
گۇللەر قورۇغا.

تەكرارلىشىدۇ
دەرسنى پىشۇرۇپ؛
بەش-ئالتە غۇنچە
ئەركىن ئوينۇشۇپ.

ئوزئارا قىزغىن
بىرىدۇ مەدەت،
ئوزۇق ئىلىشىپ
پەندىن ياش كوچەت.

كۇنلۇك تاپشۇرۇق
دەپتەردە تولۇق.

كومپارتىيىگە
ھەرقاچان سادىق.
تۇھپە قوشىدۇ
ئەمەلدە لايىق.

## تۇگەنچە

ھاجاخۇن ئۇزى
بەك ئوبدان بالا.
ماختالسا ھەددىدىن—
ئاشمايدۇ تولا.

ياخشى كورىدۇ
گۇلنى، لەگلەكنى.
بەكمۇ سۇيىدۇ
پەننى، ئەمگەكنى.

ھاجاخۇننى مەن
ئازراق ماختىدىم.
خەير ساۋاقداشلار،
ئەمدى توختىدىم.

1979 - يىل ئوكتەبىر — دېكابىر، قەشقەر.

## ئۈمىت زور

بىزنىڭ ھاجاخۇن
پالۋان بولىدۇ.
كەلگۈسى ماھىر —
تېخنىك بولىدۇ.

ئۇچىدۇ ئىگىز
كوكتە شۇڭقاردەك.
تاغلار ئاشىدۇ
چېپىپ تۇلپاردەك.

قىزىل گالىستۇك
بايرىغى ئۇنىڭ.
ئىلىم-مەرىپەت
چىرىغى ئۇنىڭ.

ۋەتەن-خەلقنى
سۆيىدۇ جاندىن،
ئەزىز كورىدۇ
ئۇنى ئاش-ناندىن.

ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزى
تەقدىرلىنىپ يېزىلغان.

ئىنقىلاۋىي قۇربانلار،
تىلدا ھامان داستانلار.
ئۆگىنىشتە ئۈلگىمىز
جۇ زۇڭلىدەك چولپانلار.

پارتىيىنىڭ پەرمانى —
يۈرەكلەرنىڭ دەرمانى.
ئۇنى كۆرۈپ كېزىنتىن
چىقتى كۆپنىڭ ئارمانى.

مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى —
بىلەن تولغان قۇرلىرى،
ئۆگەنمەكتە تىرىشىپ
يېڭى شىنجاڭ ھورلىرى.

سوزى چۇچۇك، ئاممباپ،
ئوسمۇرلەرنىڭ تىلى ساپ.
ساغلام، چوڭقۇر مەزمۇنى
تۇرار روشەن يالتىراپ.

# گېزىت — مېنىڭ ئۇستازىم

——«شىنجاڭ ئۇسمۇرلىرى» گېزىتىگە بېغىشلاپ.

قىزىقارلىق بەتلىرى،
رەسىملىرى، خەتلىرى؛
نۇر چاچىدۇ يۈرەككە
ئىلھام بېرىپ گەپلىرى.

چىققان خەۋەر، ماقالا،
شېئىر - قوشاق، ھېكايە،
شۇنداق ياخشى، يېقىملىق
ئۇسمۇرلەرگە زىيادە.

چوڭ - كىچىك، ياش كۆيۈمچىلەر،
تىزغان گۈزەل ئۇنچىلەر؛
خۇددى باغدا ئېچىلغان،
رەڭمۇ - رەڭ گۈل - غۇنچىلەر.

مەرۋايىتتەك تىزىلغان،
كۆمۈش ھەرپتە بېسىلغان؛

چول ـ دەشتلەرمۇ بىردۇ ئەمدى،
ئەلگە ئەنجۇر، ئالما ـ ئانارنى... .

1980 ـ يىل ئاپرېل، قەشقەر.

# ياخشى

ـــــ سايلام مۇناسىۋىتى بىلەن.

گۈلىستان بۇلبۇلىغا بۇ چىمەندە سايرىغان ياخشى،
كۆڭۈل ئازادىلىك بىرلە بۇ باغدا يايرىغان ياخشى.

گۈزەل قەشقەر گۈلىستانى ئەتىردىن خۇش پۇراق چاچتى،
بۇ باغ رەنالىرىنىڭ غۇنچىسىنى تاللىغان ياخشى.

بۇ قەشقەر خەلقى ئەمگەكچان، ئەقىللىق، شوخ، زىرەك، باتۇر،
شۇلار كۆڭلىدە ئۈركەشلەپ غۇلاچلار تاشلىغان ياخشى.

قانات يايغاچقا خەلقچىللىق، ئىچىلدى خەلقىمىز كۆڭلى،
كۆرەشتە ئالدىدا ماڭغان چېۋەرنى بايقىغان ياخشى.

ئىلىم-پەندە پەرۋازىم،
شۇڭا ياڭراق ئاۋازىم.
دەيدۇ بىزنىڭ مۇنەۋۋەر:
گېزىت — مېنىڭ ئۇستازىم.

1980-يىل يانۋار، قەشقەر.

## باھار كۈيلىرى

ياڭرىماقتا باھار كۈيلىرى
گۈزەل جەننەت بوستانىمىزدا،
باتۇرلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزى
نەقىشلەنگەن داستانىمىزدا.

ئالتۇن قۇياش كۈلەر ناز بىلەن،
ھەممە خوشال باھار-ياز بىلەن.
گۈل-چېچەككە تولدى يەر-زېمىن،
بىز قوش كېزەك ناخشا-ساز بىلەن.

قارشى ئالدۇق يېڭى باھارنى،
زىننەتلەيمىز يۇرتنى — دىيارنى.

گۈزەل ياشلىق باھارىڭنى ئىلىم-پەن نۇرىغا تولدۇر،
تىرىشچانلىق. چىدامىلىقنى ئۆزەڭگە مەڭگۈ ئۆلپەت قىل!

تەلەپچان بول ھەمىشەم سەن، قانائەت لايىغا پاتما،
سېنىڭ ھەر بىر كۈنۈڭ گوھەر، بىكار كەتمەسكە ھەركەت قىل!

ۋەتەننىڭ، خەلقىمىزنىڭ چوڭ ئۈمىدى نىمىدۇر ئويلا،
ئۇنى ئىشقا ئاشۇرماققا كېچە-كۈندۈزدە غەيرەت قىل!

ئومۇمغا پايدا يەتكۈزمەك كىشىنىڭ بەختىدۇر بىلسەڭ،
ۋە لېكىن شەخسىيەت بولسا، تامام ئورتەشكە ھىممەت قىل!

كىشىنىڭ ياخشى ئەخلاقى ئەمەلدە نۇر چېچىپ تۇرغاي،
پىداكارلىق، جاسارەتلىك، ئىجاتچانلىقنى ھىكمەت قىل!

گوياكى تاغ سۈيى ئوخشاش داۋام ئوركەشلە ئەي قۇربان،
ۋەتەن رەنالىرى كۈلسۇن دىسەڭ ناخشاڭنى شەرۋەت قىل!

1980-يىل 16-ئاۋغۇست، قەشقەر.

شەرەپلىك ئوۋرنى چاچتى يوۋرەك سوۋيگەن يېڭى قانوۋن،
ئاڭا ھورمەت قىلىپ چىندىن ئەمەلدە قوللىغان ياخشى.

ئوۋلوۋغ كومپارتىيە بىزنى ۋەتەننىڭ خوجىسى قىلدى،
ئوۋموۋمنىڭ نەپىئىنى كوزلەپ بوۋلاقتەك قايىنىغان ياخشى.

ۋەتەننىڭ تامغىسى بىزدە، ئوۋنى توۋتماق كېرەكتوۋر چىڭ،
ۋەكىللەرنى ساداقەتلىك كىشىدىن سايلىغان ياخشى.

قىزىلگوۋلدەك يىگىت-قىزلار خوشاللىقتا دېيىشمەكتە:
بوۋ چوڭ سايلام كوۋنى—بايرام، بوۋ تويىنى ئوۋيىنىغان ياخشى.

بوۋ قەشقەر خەلقىنىڭ بەختى گوۋزەل نەزمەمگە ئىلھامدوۋر،
سوۋڭا قوۋربان جاراڭلىق ناخشىنى كوپ توۋلىغان ياخشى.

1980-يىل 3-ماي، قەشقەر.

# قىل

ۋەتەننىڭ دىلبىرى بولساڭ قەدىردانلارچە خىزمەت قىل،
كوۋلوۋپ كەتسوۋن زېمىن-ئاسمان بوشاشماي ئىشلە، جوۋرئەت قىل!

ئۆزەڭگە ھەرقاچان قۇربان سەمىيەتنى يار تۇتقىن،
گۈزەل ئەخلاق چىچەك ئاچسا، ئاڭا قوناس توپا ھەرگىز.

1980 ـ يىل 16 ـ ئاۋغۇست، قەشقەر.

# قەشقەر بازىرى

كوپلەپ كىردى بازارغا مىۋە ـ چىۋە، يەل ـ يىمىش،
مەمۇرچىلىك ـ توقچىلىق خوش بولـغۇدەك ياخشى ئىش.

"شاخ مانتۇسى" چىللايدۇ خېرىدارنى ئالدىغا،
ھەۋەس بىلەن قارايسىز ئەنجۇر، ئۈزۈم، ئالمىغا...

قىز بويىنىغا ئېسىلغان كەھرىۋادەك ئۈزۈمـلەر
دەيدۇ: "مېنى ئېلىڭلار، بولسا چولپان كوزۈڭلەر!"

ھەر دوقمۇشتا پەۋەس بار قوغۇن ـ تاۋۇز دوۋىسى،
ئەتراپىدا پەرۋانە كورگەنلەرنىڭ تولىسى.

شۇنداق قىزىق بازاردا قايناپ كەتكەن ئاشخانا،
توي ـ مەرىكە بولغاندەك چاقناپ كەتكەن چايخانا.

# ھەرگىز

سەممى بىر يىگىت بولساڭ گېپىڭنى قىلما جا ھەرگىز،
ئەگەر يالغانچىلىق قىلساڭ، ئىشەنمەيمىز ساڭا ھەرگىز.

سەھەردە ياخشى سوزلەيسەن، كېيىن ۋەدەڭدە تۇرمايسەن،
كىشىنى كوزگە ئىلمايسەن، ياراشماس بۇ جاپا ھەرگىز.

دېمەك، سەن، بىز سەپەرداشمىز، تىلەكداشمىز ۋە يولداشمىز،
بۇ گەپنى ئويلىما دوستۇم "ماڭا تەنە-تاپا" ھەرگىز!

ئوزەڭ باشلىق شۇ بىرقانچە ئاغىنەمگە نەسھەت بۇ،
سىيادا ياغلىغان گەپلەر بولالمايدۇ داۋا ھەرگىز.

كېرەك بىزگە سەممىلىك، ساداقەتلىك ۋە راستچىللىق،
ئۇنىڭسىز خۇش پۇراق چاچماس ئومۇمغا بۇ ھاۋا ھەرگىز.

ئوزىنىڭ سوزىگە ئوزى ئەمەل قىلماق ئىسىل خىسلەت،
لېكىن يالغانچى ئادەمدە كورۇنمەيدۇ ۋاپا ھەرگىز.

سائىتمگە قارىسام تاماق ۋاقتى توشۇپتۇ،
قۇربان ئىمىن بازارنى شوخ نەزمگە قوشۇپتۇ.

1980 - يىل 18 - سېنتەبىر، قەشقەر.

بورداق قوينىڭ گوشلىرى كانارىغا ئېسقلىق،
ئوپكە-زاسۇ، ماروژنا..... ئالدىراشلىق سېتىقلىق.

ئېلىنماقتا تەخسىگە ئېرىپ كەتكەن مانتىلار،
"دەريا ياغ!" دەپ سوزلەيدۇ دومباق-دومباق سامسىلار.

قىز-يىگىتنىڭ لەۋلىرى ئانار گۇلدەك قىپ-قىزىل،
لەڭپۇڭلىرى قەشقەرنىڭ سېغىنغۇدەك بەك ئىسسىل.

هۇنەر-سەنئەت ماهىرى تەر ئاققۇزغان گىلەملەر،
سەيلە قىلسا قىلغۇدەك كورسە "غېرىپ-سەنەم"لەر.

قايناپ تۇرغان قازاندەك مال بازارى سودىسى،
چارۋا مالنىڭ بولغاندەك خۇددى خامان-ئومىسى.

ئەينى مارجان-مەرۋايىت جوۋىدىكى ئاشلىقلار،
ئوزى ئەركىن پۇتۇشكەن قوي كوز، قارا قاشلىقلار.

تېخى كىرسەم ماگىزىن باغىرى ئەجەپ ئالامەت،
مال ئالماقتا ئەر-ئايال، سودا قىزغىن كارامەت.

بۇگۇن قەشقەر بايرامدەك، جانلانغاچقا بازارى،
ئېسكەتىگە كەلمەكتە دېخانلارنىڭ مادارى...

**喀什噶尔之声**

（维吾尔文）

库尔班·伊明著

责任编辑：亚森阿瓦孜

责任依对：热西提瓦校提

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：13 1/8

1981年9月第1版

1981年9月北京第1次印刷

印数：0001—8,000册 定价：0.58 元

书号：M10049(4)160